«نۇر»غا ئائىت سوئال ۋە

# جاۋابلار

# مۇندەرىجە

(مۇھىملىرى ئېلىندى)


نۇرچىلار بەدىئۈززامانىنى پەيغەمبىرىمىزدىنمۇ ئۈستۈن كۆرەمدۇ؟ ........................4

فەتھۇللاھ گۈلەن نۇرچىمۇ؟ پىكىر ۋە پەتىۋالىرى توغرىمۇ؟...........................9

نېمە ئۈچۈن رىسالەئى نۇر سىياسەتنى شەيتاندەك كۆرىدۇ؟...........................11

نۇرچىلاردا بىكىنمىچىلىك بارمۇ؟..........................................................15

رىسالەئى نۇردا ۋە نۇرچىلاردا تەسەۋۋۇپ (تەرىقەت) پىكرى ئېغىرمۇ؟................23

كارامەتكە ئىشەنسەك بولامدۇ؟..............................................................27

ۋەسىلە ۋە ئىستىغاسە نېمە دېگەن گەپ؟ ....................................................29

شاپائەت ھەققىدە ..............................................................................34

«مۇسۇلمانلار» دېگەن تور بېكىتىنىڭ بەزى پىتنىلىرى......................................36

«ئۆيلىنىش» مەسىلىسى.........................................................................38

رىسالەئى نۇر ئىلھام بىلەن يېزىلغان دېگەن گەپ توغرىمۇ؟...............................39

رىسالەئى نۇر ياكى نۇرچىلار جىھادقا قانداق قارايدۇ؟......................................42

ھىجرەت قىلىش پەرز ئەمەسمۇ؟...............................................................52

رىسالەئى نۇردىكى بارلىق ھەدىسلەر سەھىھ ھەدىس قاتارىغا كىرەمدۇ؟............53

رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلار قانداق كىشىلەر؟.............................................54

«رىسالەئى نۇر»نىڭ تۈركچىسىنى قانداق قىلغاندا تېز چۈشەنگىلى بولىدۇ؟.......57

ئىسلامدا جىھادنىڭ مەنىسى قانداق؟ (قوشۇمچە تېما).....................................59

# بىر نۇر شاگىرتىدىن ئېلىنغان
# جاۋاپلار

سوئال: سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا توردا ۋە خەلقنىڭ ئاغزىدا خىلمۇ-خىل گەپلەر تارقىلىپ يۈرىدىكەن. خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

جاۋاپ: بار. لېكىن ئۇ گەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزۈم كۆرمىدىم، باشقىلاردىن ئاڭلىدىم. مۇسبەت پىكىرلەرمۇ، مەنپى پىكىرلەرمۇ بار ئىكەن.

سوئال: مەنپى دېگەنلىرىڭىزگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاپ: «رىسالەئى نۇر»دىن ئالغان ئىلمىم بويىچە بۇ زامان ئاخىرزاماندۇر. ئاخىرزاماندا بۇنچىلىك پىتنىلەرنىڭ چىقىشى مېنىڭچە نورمال ئىشلاردۇر. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئالدانماسلىقىغا دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر پىتنىگە قۇلاق سېلىپ يۈرۈشكە ئانچە ۋاقتىمىز يوق. ئەمما مەسىلىنى ئەستايىدىللىق، سەمىمىيلىك، ئىخلاس ۋە مۇھەببەت، يەنى ئىسلام ئەخلاقى ئاساسىدا چۈشىنىشنى خالىغانلارغا قولدىن كېلىشىچە جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىمىز ۋە تىرىشىۋاتىمىز.

سوئال: «فەيياز» فىلىملىرى سىلەرنىڭمۇ؟

جاۋاپ: بۇ فىلىملەر «رىسالەئى نۇر»نى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن. تۈركىيەدە ئىشلىنىدۇ. بىز ئىشلىمەيمىز.

سوئال: بۇ فىلىملەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىملىرىنى مەن ئاساسى جەھەتتىن كۆرۈپ بولدۇم، بەكمۇ ياخشى ئىشلەنگەنىكەن. ئەگەر «رىسالەئى نۇرنى» ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن بولسا، رىسالەئى نۇرنىڭ بۇ زامان ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى تېخىچە

خىلمۇ-خىل قارشى پىكىرلەرنى قىلىپ، بۇ ئەسەردىن پايدىلىنىشقا باشقىلارنىڭ يولىنى توسىدىغاندۇ؟

جاۋاپ: باشقىلارنىڭ يولىنى ئىمان ھەقىقەتلىرىدىن توسۇشنىڭ، پىتنىگە سەۋەپ بولۇشنىڭ، غەيۋەتنىڭ نەقەدەر چوڭ مەسئۇلىيەتكە قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك. جاھالەت جاسارەتكە سەۋەپ بولىدۇ. ھەدىستە: «**پىتنىنى ئويغاتقانغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن**» دېيىلگەن.

سوئال: بەزىلەرنىڭ نۇرچىلار بەدىئۇززامانىنى پەيغەمبىرىمىزدىنمۇ ئۈستۈن كۆرىدىكەن. دېگەن گېپىگە قانداق جاۋاپ بېرىش كېرەك؟

جاۋاپ: بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ «نۇرچىلار ئۇستازىنى پەيغەمبەردىن، كىتابىنى قۇرئاندىن ئۈستۈن بىلىدىكەن ياكى ئوخشاش كۆرىدىكەن» دېگەن گەپلىرى ئۆزلىرىنىڭ جاھالىتىنى، ھەمدە ئاخىرەتلىك مەسئۇلىيەتتىن قورقماس ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىدۇ. بىلىسىزكى، كاپىر بولمىغاننى كاپىر دېسە، ئۆزى كاپىر بولىدۇ. ھالبۇكى يۇقىرىقى گەپتىن نۇرچىلارنى كاپىر دېگەنلىكى كېلىپ چىقىدۇ. مۇنداق گەپنى قىلغان ئادەم جىددى تۆۋبە قىلىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ كەلىمەئى شاھادەت ئېيتىپ تۇرسا، قورققانلىقىدىن ئېيتتى دېگەن گۇمان بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ساھابىنى قانداق ئەيىپلىگەنلىكىنى ھەدىس كۆرگەنلەر بىلىدۇ. نۇرچىلارنىڭ ئىمان ۋە تەۋھىد جەھەتتە قانداقلىقىنى ئۇلار بىلەن ئالاقىدار بولغانلار بىلىدۇ. ئەقىدىسى، ئەخلاقى ۋە ۋىجدانى ساغلام بولغان مۇسۇلمان نۇرغۇن مۇسۇلمانچىلىق سۈپىتى بار بولغان بىرىنى ئاسانلا كاپىر دېيىشتىن، نەزىرىدە ئۇتقا ۋە ئازاپقا دۇچار قىلىپ قويۇشتىن سۆيۈنمىسە كېرەك. بەلكى خاتالىقلىرى بولغان بولسا ئىچ ئاغرىتىشى، بەددۇئا ۋە نەپرەتنىڭ ئورنىغا مەرھەمەت ھېسسى بىلەن دۇئا قىلىشى، ھەمدە قولىدىن كەلسە مۇھەببەت ئاساسىدا پىكىرلىشىپ ئۇ خاتالىقىدىن

قۇتۇلدۇرىشى لازىم ئىدى. ئاللاھ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىستىقامەت ئىھسان قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**سىلەرنىڭ ئىمان جەھەتتە ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلار، ئەخلاق بويىچە ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر.**» دېگەندەك مۇسۇلمان ئەخلاقىغا ئائىت نۇرغۇن ھەدىسلەرنى بايان قىلغان. ئەگەر رىسالەئى نۇر ۋە بەدىئۇززاماننى ئۇستۇن كۆرۈش قۇرئانغا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە(س.ئە.ۋ)، نەتىجىدە ئاللاھقا يېقىنلىششقا سەۋەپ بولىۋاتقان بولسا ئەلۋەتتە ماختىلىدىغان ئىشتۇر. ئەگەر يېقىنلىشش ئەمەس، يىراقلاشتۇرىۋېتىپ بارغان بولسا ئېتىرازچىنىڭ ھەققى بار. بىراق ئەمەلىيەتلەر ئېتىرازچىنىڭ ئېتىرازىغا ھەققىنىڭ يوقلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

سوئال: سىز ھەدىس كۆرەمسىز؟

جاۋاپ: ئەلۋەتتە. بۇ سوئالىڭىزنى، نۇرچىلار پەقەتلا رىسالەئى نۇر ئوقۇپ قۇرئان ۋە ھەدىس كۆرمەيدىكەن، دېگەن تۆھمەتچە گەپلەر تۈپەيلىدىن سورىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

- شۇنداق. كىشى توردا بۇ خىل گەپلەرنى جىق كۆرسە تەسىر ئاستىدا قىلىپ گۇمان شەكىللىنىپ قالىدىكەن.

- نۇرچىلار ھەقىقەتەن رىسالەئى نۇرنى كۆپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ بىر تەپسىردۇر. تەپسىر قۇرئاننىڭ ۋە ھەدىسنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاۋام مۇسۇلمانلارغا ئىزاھ قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى بىلىسىزكى قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى قۇرئان ھېساپلانمايدۇ، ناھايىتى يۈزەكى مەزمۇنىدۇر خالاس. (نۇرچىلار ئەرەپچە قۇرئاننى ئىسلام جامائەتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغانلاردىن دەپ قارايمەن.) تەپسىردىن پايدىلىنىشنى توغرا كۆرمەي، «بىزگە قۇرئان ۋە ھەدىس يېتىدۇ» دېگەنلەر ئەھلى سۈننەت دائىرىسىدە بولمىغانلاردۇر. بۇ قۇرئان ۋە ھەدىس

سائادەت ئەسىردىن قىيامەتكىچە كېلىدىغان ھەر ئەسىر ۋە ھەر ئەسىردىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرىگە خىتاپ قىلىپ مەنىۋى كېسەللىكلىرىگە شىپا بېرىدىغان، ھەم قەلبىي، ھەم ئەقلىي، ھەم روھىي، ھەم ئىجتىمائىي، ھەم سىياسىي، ھەم ئائىلىۋىي، ھەم ئىقتىسادىي... بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان مۆجىزىدۇر. رىسالەئى نۇرنىڭ قۇرئان ھەققىدىكى «25-سۆز»دىكى قۇرئانىنىڭ تەرىپىنى (ئىزاھ قىلىنىشىنى) ئوقۇسىڭىز ھەيرانلىق قوزغايدۇ. ھەدىستە دېيىلىدۇكى: **«ھەربىر ئايەتنىڭ مەنە مەرتىۋىلىرىدە بىر زاھىرى (سىرتقى تەرىپى)، بىر باتىنى (ئىچكى تەرىپى)، بىر ھەددى (چېكى) ۋە بىر مۇتتالائى** (مەنە تۇغۇلۇش ئورنى) **باردۇر. بۇ تۆت تەبىقىنىڭ ھەربىرسىنىڭ تارماقلىرى، ئىشارەتلىرى، تال ۋە پۇتاقلىرى باردۇر.»** (ئىبنى ھىببان، سەھىھ 1:146؛ ئەلمۇناۋى فەيزۇلقادىر 3:54) بۇ قەدەر چوڭقۇر مەنىلىك مۆجىزىنى، كەڭرى دائىرىلىك مۇخاتاپلىرى بولغان ئەسەرنى ھەركىم ئاددى كاللىسى بىلەن چۈشىنەلمىگەچكە تەپسىرگە ئېھتىياج بار. ھەدىسمۇ ئاساسەن شۇنداق. بولۇپمۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە سىرتقى جەھەتتە چۈشىنىش قېيىن بولغان، سىمۋۇل خاراكتىرلىق تەبىرلەر كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەدىسلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى بىلمەي، ھۆكۈم بويىچە خاتالىششمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا تەپسىرنىڭ كۆپ ئوقۇلىشى تەنقىت ئەمەس، تەقدىر (ئالقىش) قوزغىشى كېرەك ئىدى. قىسقىسى، «مۇفەسسىرگە (تەپسىر ئالىمى) ۋە مۇجتەھىتلەرگە (ھۆكۈم چىقارغۇچى) ئېھتىياج يوق، قۇرئان ھەدىسنى بىزمۇ چۈشىنىمىز» دېگۈچىلەر، خۇددى دوختۇر ۋە دورىگەرگە ئېھتىياجىمىز يوق دەپ كېسىلى ئۈچۈن ئۆزى تاغلاردىن، ئېلىمېنتلاردىن شىپا ئىزدىگۈچىگە ئوخشايدۇ. يا دوختۇر بولۇش لازىم، يا دوختۇرغا مۇراجەت قىلىش لازىم. كىچىككىنە بىر قانۇننى چۈشىنەلمەي، ياكى ئۇنى پىكرىي جەھەتتىن قورشىيالماي 10-20 يىللىق ئادۋوكاتقا يالۋۇرغان ئىنسانىنىڭ، ئىسلامنىڭ تېخى

بوسۇغىسىدا تۇرۇپ قۇرئان ھەدىستىن مەنە چىقىرىمەن دېيىشىدىنمۇ كۈلكۈنچىلىك ئىش بولامدۇ؟ ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن جاۋابى تەسرەك بىر سوئال سورالغاندا: **«ئاللاھنىڭ كىتابى ھەققىدە بىلمىگەن بىر نەرسىنى دېسەم، مېنى قايسى ئاسمان سايىدىتىدۇ؟ قايسى زېمىن كۆتۈرىدۇ؟ مېنى مەسئۇلىيەتتىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟»** دېگەندۇر.

- دېمەك ھەدىسلەرنى، تەپسىر ئوقۇپ كاللىدا ئىسلام ۋە شەرىئەت بويىچە توغرا رامكا شەكىللەندۇرگەندىن كېيىن ئوقۇش كېرەك دەمسىز؟

- شۇنداق. بولمىسا بەزى يېڭىياچىلار قۇرئان ۋە ھەدىس مەزمۇنلىرىنى تار ئەقىللىرىنى ئۆلچىمى بويىچە مۇھاكىمە قىلىپ، نەتىجىدە قەلبىدە ئېتىراز شەكىللىنىشىمۇ، ئاخىرى ناھايىتى چوڭ بىر ھالاكەت ئىشىكى ئېچىلىشىمۇ مۇمكىن. ھېلىمۇ ماتېرىيالىزم ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئۆلچەملىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئەسىردە ياشاپ كەلدۇق. ئەمما ئەخلاقىقا ئائىت، ھەمدە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە ئاخىرەت بويىچە ئەندىشە ۋە سۆيۈنچكە سەۋەب بولىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەرجىمىسىنى تاللاپ ئوقۇش يېڭىياچىلار ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە پايدىلىق.

<u>سوئال: رىسالەئى نۇر قانداق تەپسىر تۈرىدىن سانىلىدۇ؟</u>

جاۋاپ: تەپسىر بىر جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. بىرىنچىسى لەفزىي تەپسىر بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئىبارىلىرىنى، كەلىمە ۋە جۈمللىرىنىڭ مەنىلىرىنى باشتىن ئاخىر بايان ۋە ئىزاھ قىلىدۇ. يەنە بىرى مەنىۋى (مەنە جەھەتتىكى) تەپسىر بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئىمانىي ھەقىقەتلىرىنى قۇۋۋەتلىك دەلىللەر بىلەن بايان ۋە ئىسپات قىلىدۇ. بۇ زاماندا بۇ قىسمىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بار بولۇپ، لەفزىي تەپسىرلەر بۇ جەھەتنى ناھايىتى ئىخچام شەكىلدە قىستۇرۇپ كىتىدۇ. رىسالەئى نۇر توغرىدىن توغرا بۇ ئىككىنچى قىسمىنى ئاساس تۇتقان، ھاكاۋۇر

دىنسىز پەيلاسوپلارنى مىسلىسىز شەكىلدە جىمىقتۇرىدىغان مەنىۋى بىر تەپسىردۇر.

سوئال: بەدىئۈززامانىنى ئۇستۇن كۆرۈش دىگەن گەپنىڭ پەقەتلا ئاساسى يوقمۇ؟

جاۋاپ: بەدىئۈززامانىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرىنى ياخشى كۆرىشىمىز كىرەك. چۈنكى ئىسلام ئۆلارنىڭ قەھرىمان مۇرىلىرىدە يىتىپ كەلدى. ئىنسان بولۇپ تۇرۇقلۇق قەلبنىڭ مۇھەببەت فونكسىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولامدۇ؟ كاللىسىدا نۇرغۇنلىغان دىنسىز ئالىملارنىڭ ئىسمىنى تۇتىۋالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىختىن بىرى كىلىۋاتقان ئالىملىرىنى بىلمەسلىكى ۋە سۆيمەسلىكى بەكمۇ غەلىتىلىك. بىراق سۆيۈشمۇ، بەرگەن مەنپەئەتكە قارىتا بولغانلىقتىن، خۇددى بىر بالا ئاكىسىغا قارىغاندا ئانىسىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەندەك، رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلار، ئۇستازىمىزدىن ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئاللاھنى ۋە ئۆزىمىزنى تونۇش، مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەرنىڭ نىملىكىنى بىلىش، پەيغەمبەر ۋە ئاخىرەتنى چۈشىنىش، تەقدىرگە ئىمان، نەفسنى تەربىيىلەش... دىگەندەك ئۇ قەدەر كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋاتىمىزكى، باشقا تەپسىرلەردە ئۇ دەرىجىدە كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە قەلبي ئىقتىدارىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا سەۋەپ بولغان ئۇستازنى سۆيمەك ۋىجداني بىر ھۆكۈمدۇر. دۇنيالىق بەخت-سائادىتىمىزگە سەۋەپ بولغان ئاتا-ئانىمىزنى بىر سۆيسەك، ئەبەدي ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىمىزگە سەۋەپ بولغان بىر ئۆلىمانى يۈز سۆيۈش لازىم.

سوئال: بەدىئۈززامانىنى قۇسۇرسىز دەپ قارىمايدىغانسىلەر؟

جاۋاپ: ئەستەغفىرۇللاھ، بەدىئۈززامان (ھاشا!) پەيغەمبەر ئەمەس. پەيغەمبەرلەردىن سىرت ھەركىم قۇسۇرلۇق. لىكىن ئۇستازىمىزلا ئەمەس، پۈتۈن ئەۋلىيا ۋە ئۆلىمالارغا ھۆسنى زەن (ياخشى پىكىر) بىلەن، ھۆرمەت بىلەن قاراش زۆرۈر. شۇڭا بىزدەك ئاۋام خەلقنىڭ چوڭ زاتلاردىن قۇسۇر ئىزدىشى ياخشى ئەھۋال

ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، بىرىنىڭ قۇسۇر قىلىش ئېھتىمالى بىلەن ۋە «ئەسەرلىرىدە خاتالىق بولۇپ قالسا» دەپ، شۇبھە ۋە ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، ئۇستازىنىڭ ھەقىقەتلەردىن مەھرۇم بولۇشقا ياكى مەھرۇم قالدۇرۇشقا سەۋەب بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئىنسان ئېھتىماللىققا ئەمەس، بەلكى دەلىلگە، پاكىتقا تايىنىشى، خاتالىق بولسا تۈزىتىشى لازىم.

<u>سوئال: بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە شىرىك بولۇشتىن ئەنسىرىشىنىڭ ئاساسى بارمۇ؟</u>

جاۋاپ: تارىختا بەزى ئىقتىدارلىق شەخسلەرنىڭ، كىشىلەرنىڭ جاھالىتى سەۋەپلىك ئەقىدىگە ماس كەلمەس دەرىجىدە ماختىلىپ، ئاخىرى بۇت ۋە مەبۇد دەرىجىسىگە چىقىرىلغانلىقى مەلۇم. ئەمما رىسالەئى نۇردا پۈتۈن كۈچ- قۇۋۋەت ۋە ئىززەتنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولۇپ، نە پەيغەمبەرلەردە، نە پەرىشتىلەردە، نە ئەۋلىيالاردا، نە تەبىئەتتە ئۆزلىكىدىن ھېچبىر تەسىرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ۋە تەۋھىد مەرتىۋىلىرىنى شۇنچىلىك ئىسپاتلايدۇكى، بۇ جەھەتتە ئەنسىرەش پەقەتلا ۋەھىمدۇر خالاس.

<u>سوئال: نۇرچىلاردىن بولغان فەتھۇللاھ گۈلەننىڭ پەيغەمبەرنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇستۈن كۆرىدىغانلىقى، ھەتتا قىزلارنىڭ ھىجاپسىز يۈرىشىگە پەتىۋا بەرگەنلىكىنى تور ماتېرىياللىرىدىن كۆردۈم. بۇ شەخس نۇرچىلارغا ۋەكىل بولالايدىغان كىشىمۇ-قانداق؟</u>

جاۋاپ: ئۇ زات نۇرچى بولسىمۇ، نۇرچىلارنىڭ ۋەكىلى ئەمەس. تۈركىيەنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. قىزلارنىڭ ھېجاپسىز يۈرىشىگە پەتىۋا بەرگەنلىكى مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. خاتا چۈشىنىۋېلىشلار بولسا كېرەك. پەيغەمبەرنى ئۇستۈن كۆرمەك بولسا ئىسلامىيەتتە بار ئىشتۇر. «سەۋەپ بولغان

قىلغاندەك» دېگەن قائىدە (بۇ ھەقتە ھەدىس بار) بويىچە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەمەل دەپتىرىگە ئۆز زامانىسىدىن باشلاپ ھازىرغىچە پۈتۈن ئۈممىتىنىڭ ھەر ۋاقىت قىلغان بارلىق ئىبادەتلىرىچىلىك بىر ئىبادەت ساۋابى يېزىلىپ تۇرىۋاتقانلىقتىن، ئۇستازىمىزنىڭ دېگىنىدەك: «**پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەقلى بىرلىشىپ بىرلا ئەقىل بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەنىۋى مەرتىۋىسىنى ئىدراك قىلالمايدۇ.**» كامىل ئىمان ئىگىسى ھەدىسنىڭ تەلىپى بويىچە رەسۇلۇللاھنى ئاتا-ئانىسىدىن، بالا-چاقىسىدىن، مال-دۇنياسىدىن، ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىشى كېرەكقۇ؟ ئاللاھ قۇرئاندا رەسۇلۇللاھقا بولغان ئىتائەتنى ئۆزىگە ئىتائەت قاتارىدا ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ۋاستىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. «**لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ**» دېگەن ئىككى كالامنىڭ بىرىدە ئورۇن ئالغان، نامازدىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپە ئىچىدە تارىختىن بېرى دۇرۇت ئوقۇلۇۋاتقان، ئىككى دۇنيالىق بەخت- سائادىتىمىزنىڭ ۋاستىچىسى، قەلبلەرنىڭ مەھبۇبى، رۇھلارنىڭ سۇلتانى، ئەقىللەرنىڭ مۇئەللىمى، نەپسلەرنىڭ تەربىيىچىسى، رەسۇللەرنىڭ رەھبىرى، ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى، كائىناتنىڭ ئىپتىخارى بولغان رەھمەتەن لىلئالەمىننى (س.ئە.ۋ) سۆيۈشتىنمۇ تەبىئى نېمە بار؟ كىشى بىلمىگەن ۋە يېتىشەلمىگەن نەرسىگە دۈشمەندۇر.

- راست دەيسىز. ئىنسانلار ھەقىقەتەن قىزىق! بەزىسى ئۇستازىنى پەيغەمبەردىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن دەۋاتقان، يەنە بەزىسى پەيغەمبەرنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆرىدىكەن دەۋاتقان!

- ئەگەر بىرى «پەيغەمبەر ئاللاھسىزمۇ تەسىر كۈچ بېرەلەيدۇ» دېگەندەك ئەقىدىگە خىلاپ چۈشەنچىسىدە بولسا ئەلۋەتتە رەت قىلىنىشى كېرەك.

سوئال: كۆپ سوئاللىرىم بار ئىدى. مەسلەن، نېمە ئۈچۈن بەدىئۈززامان ئۆيلەنمىگەن، نېمىشقا ساقال قويمىغان، نۇرچىلار نېمىشقا باشقا تەپسىرلەرنى ئوقۇمايدۇ، نۇرچىلار تەرىقەتچىمۇ (تەسەۋۋۇپچىمۇ)، نېمىشقا سىياسەتكە ئارىلاشمايدۇ. دېگەندەك. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جاۋابىنى **«بەدىئۈززاماننىڭ جاۋابلىرى»** ناملىق كىتاپتىن ئالدىم. يەنە بەزى تولۇق يېشىلمەي قالغان چىگىش سوئاللىرىمنى سورىسام بولامدۇ؟

- سوراڭ، بىراق ئەڭ مۇكەممەل جاۋابنى بېرەلمەسلىكىممۇ مۇمكىن. بىلمىسەم ئىزدىنىشىمگە سەۋەپ بولىدۇ.

سوئال: نۇرچىلار بىر نەرسە ئوقۇغاندا، «ئەئۈزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم»نىڭ ئورنىغا «ئەئۈزۇ بىللاھى مىنەششەيتانى ۋەسسىياسە» دەيدىكەن، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېنىقلا پىتنە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما تارىختا باشتا پەيغەمبىرىمىز ۋە چوڭ ساھابىلەر بولۇپ نۇرغۇن ئەھلى ھەقىقەت بولغان مۇسۇلمانلار، مۇجاھىت ئالىملار سىياسەتكە ئارىلاشقان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن رىسالەئى نۇردا سىياسەتنى شەيتاندەك كۆرۈپ تەرك قىلىش تەرغىپ قىلىنىدۇ؟

جاۋاپ: رىسالەئى نۇردىكى «سىياسەتنى تەرك قىلىش مەسىلىسى» دىندا سىياسەت يوق دېگەنلىك ئەمەستۇر. بىراق سىياسەت ۋاستىدۇر، مەقسەت ئەمەس. تېلېۋۇزۇر ئىسلام ۋە قۇرئان ھەقىقەتلىرىنى ئۆگىنىشكە، ھەمدە ئىنسانلارغا توغرا شەكىلدە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە بىر ۋاستە بولىدىغان بىر ئىلاھىي نىمەت بولسىمۇ، بىراق قايسى قانالنى ئاچسىڭىز مەنپىي ۋە ئەخلاقسىزچە... نەرسىلەر چىققانلىقتىن، بۇنىڭ زىيىنىنى بىلگەن بىر زات سىزگە تەربىيە قىلىپ: «ئۆيىڭىزگە تېلېۋۇزۇر ئالماڭ، شەيتان ئۇ!» دېسە ئەلۋەتتە توغرا دېگەن بولىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، سىياسەت ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. مەقسەت ئەمەس. بۇ

ۋاستىنى قوللىنىش زىيانلىق بولىدىغان بولسا ئەلۋەتتە قېچىش لازىم بولىدۇ. تارىختا نۇرغۇن ئىلاھىي ئەلچىلەر(پەيغەمبەرلەر) كەلگەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۈممىتى ئون نەچچە، بەزىلىرىنىڭ بىر-ئىككى بولغان. ئىلاھىي مۇراد بولغان تەبلىغ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئۆتەپ كېتىشكەن. دېمەك ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىمان ئۇ قەدەر مۇھىمكى، پەيغەمبەر ئەۋەتسە ئەزەلىي ئىلمى بىلەن بىر-ئىككى ئادەم ئەگىشىدىغانلىقىنى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەت شەكىللىنەلمەيدىغانلىقىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككە دەۋرىدىمۇ سىياسىي تەتبىقات يوق ئىدى. سىياسەتنىڭ كەڭرى تەتبىقاتى مەدىنىدە بولغان، چۈنكى ۋەزىيەت شۇنى تەقەززا قىلاتتى. مۇسۇلمانلارغا خىزمەت ئۈچۈن بۇ سىياسەت مۇھىم ئىدى. بىراق بۇ زاماندا سىياسەت ئالىمدە ئالدامچىلىق، بىرىسىنى دەپ مىڭلارچە ئىنسانغا مەرھەمەتسىزلەرچە زۇلۇم قىلىش ۋە قىرغىن قىلىش، مۇسۇلمانلار ئالىمدىمۇ سىياسەتنى دىنغا ۋاستە قاتارىدا كۆرمەي، ئەكسىچە مەقسەت قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر نەرسىنى پىدا قىلىش ياكى دىنىنى ۋاستە قىلىش، سىياسىي پىكىر بويىچە قارشى پىكىردە بولغان سالىھ قۇللارغا پەرىشتە ياردەم قىلسا ئۇ پەرىشتىنى شەيتاندەك كۆرىدىغان، سىياسىي پىكرىگە ئۇيغۇن بولغان پاسىق دوستىغا شەيتان ياردەم قىلسا پەرىشتىدەك كۆرىدىغان ئاجايىپ ھاللار مەيدان ئېلىش بىلە بىرگە، ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن زالىم ھۆكۈمەتلەرگە ئالدىنىش ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئويۇنىغا ئويۇنچۇق بولۇشتەك، ھەمدە بىر قېرىندىشىنى يەنە بىر قېرىندىشىغا قىردۇرۇش ۋە نەتىجىدە ھەر ئىككىسىنى گۇمران قىلىش پىلانلىرىغا ۋاستە بولۇپ قىلىشتەك ئۆز مەيدانىنى مۇستەھكەم ھالدا مۇھاپىزەت قىلالمايدىغان ھالەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «سىياسەت»تىن ئىبارەت بۇ ۋاستىغا بۇ زاماندا ھېكمەتسىز شەكىلدە مۇراجىئەت قىلماسلىقى ئەۋزەلدۇر، بەلكى ئىمان ۋە ئەخلاق بويىچە شىددەتلىك دەرىجىدە

تەربىيەگە مۇھتاج كۆڭۈللەرنى جاۋاپ بىلەن بەھرىمان قىلىش، ئىستىقامەتلىك يولنى چۈشىنىش بويىچە تولىمۇ ئاچ بولغان ئەقىللەرنى تويدۇرۇش، چۆلدەك ئۇسسىغان قەلبلەرنى قاندۇرۇش ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمان دېسىمۇ بىراق روھى پالەچ ھالدىكى ئىنسانلارنى ماتېرىيالىزىم ۋە ئەخلاقسىزلىق ھالاكىتىدىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش مۇھىمنىڭ مۇھىمدۇر، دەپ چۈشىنىمىز. چۈنكى ئىمان جەھەتتىن كەلگەن كىچىك بىر شۈبھە ئاخىرەتتە ئەبەدىي بىر ھالاكەتنى نەتىجىلەندۇرىشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارىشى ئۇلارنى ئاخىرەتلىك ئازاپتىن قۇتۇلۇشلىرىغا سەۋەب بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە «بەدىئۈززامانىنىڭ جاۋاپلىرى»دىكى «تۆتىنچى مەسلە»نى قايتا ئوقۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، رىسالەئى نۇر، دىندا سىياسەت ۋە جىھاد دېگەنلىك باتىلدۇر دەپ تەرغىپ قىلمايدۇ.

<u>سوئال: «ھۆر ئادەم» فىلىمنى كۆردۈم. بەدىئۈززامان ياش ۋاقتىدا جىھادقا قاتنىشىپتىكەن. ئۇ فىلىمدىكى بارلىق جەريانلار توغرىمۇ؟</u>

جاۋاپ: بۇ فىلىمنى ۋە «ئاللاھنىڭ سادىق دوستى»نى كۆرگەنلەردە خىلى ياخشى تەسىرلەر بولغاندەك. ئەمما مېنىڭچە «ھۆر ئادەم» فىلىمدە بەدىئۈززامانىنىڭ دىن دۈشمەنلىرى بولغان كۆرەشلىرى ۋە ئۇ ۋاقىتتىكى سىياسەتنىڭ ئارقا كۆرىنىشلىرى ياخشى تەسۋىرلىنىپتۇ. بىراق رىسالەئى نۇرنىڭ قەدىر-قىممىتى، نۇر خىزمىتى ۋە ئۇستازىمىزنىڭ كامالەتلىرى ناھايىتى يۈزەكى قالغان. قىسقىسى رىسالەئى نۇردا ئۇستازىمىزنىڭ دەۋاسىنى مۇلاھىزە قىلغان ئىنساننىڭ نەزىرىدە بۇ فىلىم خېلىلا خۇنۇك بولۇپ قالغان. بىراق نۇر خىزمىتىنى ئېلان قىلغانلىقى جەھەتتىن مەمنۇن بولدۇق. بەدىئۈززامان ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلارنىڭ بۇ خىل فىلىمنى ئەمەس، رىسالەئى نۇرنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك.

سوئال: سىلەر نامازنىڭ ئاخىرىدا ئۇزۇن دۇئالارنى ئوقۇيدىكەنسىلەر، ھەتتا دۇئايىڭلاردا بەدىئۇززامانىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئالايىتەن دۇئا قىلىدىكەنسىلەر، بۇنىڭغىمۇ بەزىلەر ئېتىراز ئوقلىرىنى ئاتىدىكەن.

جاۋاپ: نامازدىن كېيىن ھەر مۇسۇلمانغا ئوخشاش 33 قېتىمدىن تەسبىھلەرنى ئوقۇيمىز. ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىزگە كۆپلەپ دۇرۇت (رەھمەت دۇئاسى) يوللايمىز. ئاندىن ئاتا-ئانىمىزغا قوشۇپ ئۇستازىمىزغىمۇ دۇئا قىلىمىز. ئاندىن ئاللاھنىڭ ئىسملىرىنى ئوقۇپ دۇئا ۋە قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن تەسبىھاتىمىزنى پۈتتۈرىمىز. تىرمىزىنىڭ شۇ ھەدىسى بار: «**بىرىڭلار ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتسۇن، كېيىن پەيغەمبەرگە دۇرۇت يوللىسۇن، ئاندىن خالىغان دۇئاسىنى ئوقۇسۇن.**» ئاتا-ئانىسىغا، ئۇستازىغا دۇئا قىلسا، دۇئانى ئۇزۇن قىلسا غەلىتىلىك ھېس قىلغان ئىنسانغا نېمە دېگۈلۈك!

-بەلكىم باشقا يەردە بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرمىگەنلىكتىن تەئەججۈپلەنگەن بولسا، باشقا ئېتىرازلارنىڭ تۈرتكىسىدە تەنقىت قىلغۇسى كەلگەن بولسا كېرەك.

-بەلكىم. قەلبىدە ئۈستۈن كۆرۈنگەن ئىنساننىڭ كەمچىلىكىمۇ ئارتۇقچىلىق كۆرىنىشى، قەلبىدە تۆۋەن كۆرۈنگەن ئىنساننىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ كەمچىلىك كۆرىنىشى دائىم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىتنە ئاسان يامرايدۇ. بۇزۇش ئاسان، يەنى، 20 ئادەم 20 كۈندە قۇرغان بىر بىنانى بىر كىچىك بالا بىر كۈندە خاراپ قىلىۋېتەلىگەندەك، بەزى ئىنسانلار كىشلەرنىڭ ئىمان ھەقىقەتلىرىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېغىر شارائىت ئىچىدە تىرىشىۋاتسا، يامان خەۋەرلەر ئاسانلا كىشىنى قايمۇقتۇرىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

<u>سوئال: رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلار ئۆيدىن چىقماي رىسالەئى نۇر ئوقۇيدىكەن، باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايدىكەن. بىر خىل بىكىنمىچىلىك بار ئىكەن، دېگەن ئېتىرازلارنىڭ ئاساسى بارمۇ؟</u>

جاۋاپ: كىتاپنى چۈشۈنۈش، مۇلاھىزە قىلىش، كەڭرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، ئاندىن ئىلىم ئەھلى سۈپىتىدە تەبلىغ بىلەن مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن تارىختىن بېرى مەدرىسلەردە ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىنغانلىقىنى ئەجەبا بىلىشمەمدۇ؟ بىر قانچە كىتاپ ئوقۇپ ياكى نەچچە يۈز ھەدىس ئۆگىنىپلا تەبلىغ ساھەسىدە كۆرىنىپ ئۆلىمالار بىلەن تالاش-تارتىش قىلغۇدەك جاھالەتلىك جاسارەت بولماسلىقى، ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىنى يېتىلدۈرىشى، چالا دوختۇر ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، تەمسىلى بويىچە خاتا ۋە مۇۋازىنەتسىز تەبلىغ قىلىپ باشقا نادانلارنى بۇزماسلىقى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە ۋاقىت لازىم ئەمەسمۇ؟

باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش مەسىلىسى بويىچە كۆپ كىشىلەرنىڭ بەزى ئۆزۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى پاراسەتلىك ئىنسانلار بىلەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىتنە چىقىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان دائىرىدىن يىراق بولمىسا، نورمال ۋە راھەت ھالدا خىزمەت قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنداقلا ئەقىدە پەرقى ئېغىر، ئەخلاقىي سەزگۈرلۈك جەھەتتە بەكمۇ خام ئىنسانلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنىڭ تەسلىكىنى ھەممە بىلىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل بولىشى شەرىئەتكە زىت ئەمەس. مۇتلەق بىرلىك مۇمكىن بولمايدۇ. خۇددى بازاردا خىلمۇ-خىل كەسىپ ئەھلى بولغاندەك، ھەتتا بولىشى زۆرۈر بولغاندەك (چۈنكى ھەممە ئادەم قاسساپ بولسا گۆشنى كىمگە ساتىدۇ، رەختنى كىمدىن ئېلىنىدۇ؟ رەخت سودىگىرى ئۆز دۇكىنىنى قاسساپ دۇكىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلمايدۇ.)؛ ئىسلامدىمۇ

بەزىلەر قارىي بولۇپ، بۇ كەسىپ بىلەن ئىسلامغا تۆھپە قوشسا، بەزىلەر فىقھشۇناسلىق، بەزىلەر تەپسىرشۇناسلىق، بەزىلەر ھەدىسشۇناسلىق، بەزىلەر ئىلمى كەلام، بەزىلەر قىرائەت... دېگەندەك كەسىپلەر بىلەن ئۆز ئالىمىدە، ئۆز دائىرىسىدە خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، بوشلۇقلارنى تولدۇرىدۇ. ئىسلامدىكى ناھايىتى نورمال، ھەتتا زۆرۈر بولغان، ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكىنى، جاھانشۇمۇللىقىنى كۆرسىتىدىغان بۇ خىل ئىشلاردىن سۆيۈنۈش ئەمەس، ئەكسىچە تەنقىت قىلماق، بۇ جەھەتتە «ئىسلام بۆلۈنمەسلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان تۇرسا...» دەپ ئۇشۇقچە ۋە زىيانلىق بولغان ئۇ خىل سەزگۈرلۈك بىلەن ياشىماق تولىمۇ چوڭ بىر نادانلىقتۇر. خۇددى «بۆلۈنمەيدىغانلار» جامائىتى نامى بىلەن بۆلۈنمەكتۇر. ساھابىلەردىمۇ فىقھى مەسىلىلەردە ۋە مەسلەك جەھەتتە (مەسىلەن، «ئەسھابى سۇففە»دەك.) خىلمۇ-خىللىقلار بولغان. ئىسلامدا تەرغىپ قىلىنغان بۆلۈنمەسلىك ئىتىقاتتا بۆلۈنمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

- ئۆزلىرىنى «نۇرچىلار» دەپ ئاتاشلىرىمۇ غەلىتىلىك، دەيدىغانلارغىمۇ بۇ مەندە جاۋاپ بەرسە بولغىدەك. بۇ «نۇرچىلار» دېگەن ئىسىم، بۇرۇن باشقىلارنىڭ نۇر تالىپلىرىنى ئاتاش ئۈچۈن قوللانغان سۆزى ئىكەن شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق. مىللەتچىلىك ياكى يۇرتۋازلىق كېسىلى ئېغىر بىر ئادەمنىڭ يېنىدا، باشقا بىر مىللەتتىن ياكى يۇرتتىن بولغان بىرى «بىزنىڭ يۇرتتا...» دېگەندەك ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقىنى غەرەزسىز ھالدا دەپ سالسا، ئۇ ئادەمنىڭ قاتتىق سەزگۈرلىكى سەۋەبلىك روھىدا قىينىلىش ھاسىل بولىدۇ. ئۇ كېسەلدىن خالى ئادەملەر بولسا ناھايىتى نورمال كۆرىدۇ. ئىنسان ئالەمنى ئۆزىنىڭ قەلبىي ئەينىكى بىلەن كۆرىدۇ. ئىچكى ئالىمى ئۆزگەرسە سىرتقى ئالىمىمۇ ئۆزگۈرىدۇ.

سوئال: كىتابلاردا بەدىئۈززامانىنىڭ كۈرت ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقى سۆزلىنىدىكەن. بىراق باشقا نۇر شاگىرتلىرىدىن بۇ زاتنىڭ ئالى بەيتتىن (ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەسلىدىن) ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ قانداق گەپ؟

جاۋاپ: ھەر ئىككىلىسى توغرا. يەنى، ئالى بەيت نەسىللىرى بەكمۇ كۆپ تارقالغان بولۇپ، باشقا مىللەت ئولتۇراقلاشقان يەرلەرگىمۇ زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەسىرلەر مابەينىدە سىڭىپ كىرگەن. بىزنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىمۇ بەزى ئۆزبەك ۋە تاتار مىللىتىدىن بولغانلارنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەت بىلەن ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەنلەرمۇ خىلى بار. باشقا كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە مىللىتى يەرلىك خەلقنىڭ نامى بىلەن ئاتالسىمۇ، تېگى ئەرەپ ۋە ئالى بەيتتىن بولغانلار كۆپ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بەدىئۈززامان ھەزرەتلىرىمۇ كۈرت خەلقى ئىچىدە قالغان، كۈرت ئادىتى بىلەن، كۈرتچە سۆزلەيدىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، تېگى ھەم دادىسى ھەم ئانىسى جەھەتتىن پەيغەمبەر نەسلىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى كۆپلىگەن شاگىرتلىرىغا دېگەن. شەرىئەتتە سەييىد (ئالى بەيتتىن) بولمىغان سەييىدمەن دېسە، ياكى سەييىد تۇرۇپ سەييىد ئەمەسمەن، دېسە ھارام بولىدۇ. بۇ ئانچە بىپەرۋا بولىدىغان مەسىلە ئەمەس.

سوئال: نۇر تەشكىلاتىدا بۆلىنىش بار ئىكەن، بەدىئۈززامان مۇسۇلمانلار ئۇچۇن مۇكەممەل بىر يول قۇرۇپ چىقالمىغان، دېگەندەك گەپلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاپ: نۇر تەشكىلاتى دەپ بىر تەشكىلات يوق. بەدىئۈززامان ئۇنداق بىر تەشكىلات قۇرمىغان. رىسالەئى نۇر قۇرئان تەپسىرىدۇر، ھەم ئومۇمنىڭ مىلىدۇر. ئۇستازىمىزمۇ ئۆزىگە مۇتلەق ۋارىس ياكى ئورۇن باسار تەيىنلىمىگەن. رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلار، ئۇنىڭغا ئىشتىياق قىلىپ باغلانغانلار قۇرئان «نۇر»ى بىلەن

مەشغۇل بولغانلار مەنىسىدە «نۇرچىلار» دەپ ئاتىلىپ قالغان. مەسىلەن: سىز ئاقسۇلۇق بولسىڭىز ئاقسۇدا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆگىنىپ ئۆگەتسىڭىز تۈركىيەدىن ھېچكىمنى تونۇمىسىڭىزمۇ، خوتەنلىك نۇر شاگىرتلىرى بىلەن ئالاقىڭىز بولمىسىمۇ نۇرچى بولىۋېرىسىز، ئەلۋەتتە نۇرچى نامىنى قوللانمىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە خىلمۇ-خىل كىچىك نۇر جامائەتلىرىنىڭ بارلىقى ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئەھۋالدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن ئىنسانلار ئادەت، غايە، خاراكتېر بويىچە خىلمۇ-خىل بولغاچقا، نىيەت بىر (يەنى قۇرئان خىزمىتى) بولۇپ، ئۇسۇللار جەھەتتىن پەرقلىق يوللار بىلەن كۆرەش قىلىشى ناھايىتى نورمال ئىش. گەرچە نائەھلىلەر ھەر مەسىلەكتە بار بولىدىغان بولغاچقا، نائەھلىلەرنىڭ باشقا يول بىلەن خىزمەت قىلغۇچىلارغا قارىتا سەزگۈر مۇئامىلە قىلىدىغان، پەقەت ئۆزىنىڭكىلا توغرا دەپ باشقىلارنى ئەيىپلەيدىغان ئەھۋاللار تارىختىن بىرى كۆرىنىپ كەلگەن ئىشتۇر. بىراق ئاز بىر قىسىم نائەھىل بولغاننى كۆرۈپلا پۈتۈن مەسلەك ئىگىلىرىنى تامامەن چەتكە قېقىش ئىنساپقا زىتتۇر.

بەدىئۈززامان مۇكەممەل يول قۇرۇپ چىقالمىغان، دېگەن مەسىلىنى بولسا، مەن ئانچە چۈشىنەلمىدىم. بەدىئۈززامانىنىڭ دەردى بىر يول قۇرۇش ئەمەس، بەلكى بىر ئىنسانىنىڭ بولسىمۇ ئىمانىغا قۇۋۋەت بېرىش، خەلقلەرنىڭ ئىمانىنى ماتېرىيالىزىم، دەججالىزىم پىتنىلىرىدەك مەنىۋى ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزۇشتۇر. بۇ غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەڭ چوڭ مەقسىتى ئىكەنلىكى كىتاپلىرىدىن چۈشىنىلىدۇ. غايىسىگە قانداق يەتكەنلىكىنى نەچچە مىليون نۇر شاگىرتى ئەھۋاللىرى بىلەن ئىسپات قىلىدۇ. بەدىئۈززامان دەيدۇكى: **مىڭ ئادەمنىڭ ئەبەدىي ھاياتى ئۈچۈن ئىمان ھەقىقەتلىرى بىلەن تىرىشماق، بىر مىليارد ئادەمنىڭ دۇنياۋىي ۋە فانىي بولغان مەدەنىي ھاياتىغا تۆھپە قوشۇشقا تىرىشقاندىن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە مەنىۋى**

**جەھەتتىن تېخىمۇ كەڭرى خىزمەت ھېساپلىنىدۇ.**(ئەمىرداغ لاھىقەسى2:112)

سوئال: سىلەر باشقا جامائەتلەرگە قانداق قارايسىلەر؟

جاۋاپ: نۇر شاگىرتلىرىنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى ياكى قانداق قارىشى لازىم ئىكەنلىكىنى «ئىخلاس» ۋە «قېرىنداشلىق» رىساللىرىنى ئوقۇغانلار قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنەلەيدۇ. قىسمەن چۈشىنىشىمۇ چوڭ ئىش بولىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارغا قارىتا مۇھەببەت پەيدائىلىرىمىز. شەپقەت يولىنى تۇتقانلارمىز. ئىمانى بولسىلا قېرىندىشىمىزدۇر دەپ، توردىكى خىلمۇ-خىل ئېغىر ئەيىپلەشلەرگە قارىتا مەنپىي مۇئامىلىدە بولماي ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى پىتنىخورلۇقتەك مەنىۋى كىرىزىسلىرىنى دەپئى قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقانلارمىز. ئۇستادىمىزنىڭ «سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى زامانىسىدا ئىچكى ئاداۋەتنى ئۇنۇتۇش لازىم، بولمىسا ئىچكى ئاداۋەت دۈشمەنلەرگە ياردەم ھۆكمىدە بولىدۇ» دېگەن گېپىنى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىمىزگە تەتبىق قىلىشقا جىددى ئېھتىياجىمىز بار.

ئەمما نۇرچىلار، بۇ زامانىنى چۈشەنگەنلىكى بويىچە، خۇددى دوست ۋە دۈشمەننى پەرق قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە ئوخشىغان بولسا، بەزى مۇسۇلمانلار ياكى جامائەتلەر، دۈشمىنىگىمۇ، ئۆزىگە دۇئا قىلغۇچى بولغان دوستىغىمۇ پەرق ئېتەلمەي ئوق ئاتىدىغان ئەسكەرلەردەك، ئۆز شەرىپى ۋە مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن زىيان بېرىدىغان ئەھۋاللاردا بولىۋاتىدۇ. ئاخىرزامان پىتنىلىرىنىڭ تەسرىدە ئۇستازىمىزنىڭ تەبىرى بويىچە «ھازىر ئىنسانلار مەنمەنچىلىكىگە مېنىپ ئازغۇنلۇق ۋادىلىرىدا يۈگۈرۈشمەكتە». ئەقىل ۋە ئىقتىداردىن، ئىلىم ۋە بايلىقتىن كەلگەن مەنمەنچىلىكتەك مەنمەنچىلىكنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرى بار. مەنمەنچى ئىنسان بۇ خىل ئەخلاقىي پەسلىك سەۋەپلىك كۆپلىگەن پىتنىلەرگە سەۋەپ بولىدۇ. ئەگەر ئىمانى ئاجىز بولسا

تېخىمۇ خەتەر. «ھەرە سۇ ئىچىدۇ ھەسەل چىقىرىدۇ، يىلان سۇ ئىچىدۇ زەھەر چىقىرىدۇ» دېيىلگىنىدەك قۇرئان دەيدۇ، ھەدىس دەيدۇ. بىراق نەپسىنىڭ ھەۋىسى بويىچە دەلىل سۆزلەۋېرىدۇ. باشقىلارنىڭ قۇۋۋەتلىك دەلىلىنى ئاجىز، ئۆزىنىڭ ئاجىز دەلىلىنى قۇۋۋەتلىك كۆرىدۇ. چوقۇم قۇسۇر ئىزدەش، چوقۇم يېڭىش كويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتتىن ۋە كامالەتتىن مەھرۇم قالغىنىدەك، باشقىلارغىمۇ كۆپ زىيان بېرىدۇ. ھەق ئۈچۈن نەپسىنىڭ مەنمەنچىلىكىنى سۇندۇرىدىغان، كىچىك پېئىل ئىنسان بولمىسا مۇنازىرىدىمۇ نەتىجە چىقمايدۇ. ئەمما كۆپلىگەن ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولغان، چىرايىدىن زۇلمەت، ھاكاۋۇرلۇق، ئاداۋەت، مەسخىرە پۇرايدىغان ئەمەس، بەلكى شەپقەت، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت جىلۋىلىنىدىغان قېرىنداشلارنى كۆردۇق. رىسالەئى نۇرنى ئوقۇمىسىمۇ، قېرىنداشلارچە پوزىتسىيە تۇتىدىغان سوغۇققان مۇسۇلمانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارغا بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز كۈچلۈك. ئېتىرازچىلارغىمۇ ئاداۋىتىمىز يوق. مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلغانلارغىمۇ ھەققىمنى ھالال قىلىمەن (كەچۈرىمەن)، چۈنكى رىسالەئى نۇرغا لايىق بىر شاگىرت بولالمىدىم، ئۈنى ياخشى كۆرسەتكۈچى ئەينەك بولالمىدىم. مېنىڭ قۇسۇرۇم ئۇ نۇرنى بۇلغىمايدۇ. بىزلەر قايسى جامائەت ۋە قايسى مەزھەپتىكى شەخس بولىشىدىن قەتئىنەزەر، رىسالەئى نۇرنى ئوقۇپ ئەبەدىي سائادەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئىمانىنى قۇۋۋەتلەندۇرىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز. چۈنكى ئىمان ئىخچام شەكىلدىلا قوبۇل قىلىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. دەرىجىلەر ۋە بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇساپىلەر چەكسىز. («ياشلىق رەھبىرى»نىڭ ئاخىرىدىكى «دوكلات»نىڭ باش قىسمىدىكى مەزمۇنلارنى ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇشىڭىزنى سورايمەن.)

نۇرچىلارنى كۆرسىڭىز كۆپىنچە باشقىلارغا قارىتا سەمىمىي، شەپقەتلىك ۋە پەزىلەتلىك، ئىمان ھەقىقەتلىرى بويىچە كاللىسى قاتمال ئەمەس، بەلكى روشەن

دەلىللەر بىلەن ئالاھىدە قوراللانغان ۋە ئايدىڭلاشقان، پەتىۋا ۋە ھۆكۈمگە ئالدىرىمايدىغان، قۇرئان خىزمىتىدە قىزغىنلىقى يۇكسەك، ئۆز قۇسۇرلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە نەپسىنى تەربىيەلەشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، خىزمىتىنىڭ مەقبۇللىقىنىڭ دەلىللىرى ھۆكمىدە بولغان كارامەتتەك ئەھۋاللارنى دائىمي ۋە داۋاملىق ئۇچرىتىپ ئاللاھقا تايىنىشى ئارتىدىغان ۋە بۇ نۇر دائىرىسىدىن ھېچ ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان، ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى قەلبىدە ھېس قىلىپ باشقىلارنىڭمۇ بۇرۇنراق بۇ نۇر ۋە بۇ فەيزدىن بەھرىمەن بولۇپ قۇرئانغا ۋە قۇرئان ھۆكۈمگە باغلىنىدىغان ئادەم بولىشىنى ۋە ئىككى دۇنيا بەخت-سائادىتىگە ئېرىششىنى خالايدىغانلار ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز.

<u>سوئال: مېنىڭچە سىز ئېتىرازچى دەۋاتقانلار پەقەتلا ئۆز پىكرى بويىچە مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن قارشى چىققانلار بولماستىن، ئېتىرازلىرىنى تاياندۇرىدىغان ئۆلىمالىرى ياكى كىتاپلىرى بولغانلار بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقمۇ؟</u>

جاۋاپ: توغرا. بۇ زاماندا ئەخلاقسىزلىق يامرىغىنىدەك، ئەخلاقىي ئۆلچەملەرمۇ نىھايەت دەرىجىدە بۇزۇلغاندۇر. ئۆلىما دەپ قارىلىپ قالغان، لېكىن نەپسىنىڭ تەربىيە قىلىنىشى جەھەتتە تولىمۇ خام بولغان بەزىلەردىكى ھاكاۋۇرلۇق، مەسئۇلىيەتتىن قورقماسلىق، ئىخلاسسىزلىق، شۆھرەتپەرەستلىك ۋە بىلەرمەنلىكتەك خىلمۇ-خىل ناھايىتى ئېنىق كېسەللىكلەر ئاۋام مۇسۇلمانلار نەزىرىدە يوشۇرۇن قېلىۋاتىدۇ ۋە ئەگىششكە ئەرزىگۇدەك ئادەممۇ-قانداق، دەپ ئويلانماستىنلا ھاياجانلىق گەپتانلىقلىرى، جاسارەتلىك پەتىۋالىرى، باشقىلارنىڭ قۇسۇرىنى دېيىش ئارقىلىق ئۆز كامالىتىنى ئىزھار قىلىشلىرى ۋەياكى ئەرەپچىدە پىششىقلىقى دېگەندەك ئامىللار سەۋەبلىك، بىرىسىگە قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ، ئاندىن كەمچىلىكلىرىمۇ ئارتۇقچىلىق كۆرىنىدۇ. بارا-بارا ئۇ نېمە دېسە ھەق بولىدىغان دەرىجىدە مەقبۇل

ئىنسان قاتارىدا كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىي ھاياتى، تەقۋادارلىقى، ئەخلاق، تەۋھىد ۋە ئىخلاسقا ئائىت ئېغىر قۇسۇرلىرى بار ئىكەنلىكى قەلبى سەزگۈرلەر ئۈچۈن ھېچ يوشۇرۇن ئەمەس.

ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تايىنىۋاتقان كىتاپلىرىغا كەلسەك، ئەھلى سۈننەت ئىماملىرى قوبۇل قىلغان شەخسنىڭ كىتابىمۇ-قانداق، دېگەندەك جەھەتلەردە تەكشۈرۈشتىن ۋە توغرا باھا بېرىشتىن ئاجىز كىشىلەر ھازىرقى زاماندا خىلى كۆپ. بۇ زاماندا دىنىي كىتاپلار ھەققىدە بەك جىق. ئەمما قۇرئان، ھەدىستىن سۆزلىسىمۇ، بىراق زامانىمىزنىڭ ۋە ۋەزىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق، كېيىنكىلەرنىڭ دېئاگنوزى توغرا قويۇلۇپ توغرا رېتسىپ بىلەن تەمىنلەمدۇ-قانداق، ئىمان ئاساسلىرىغا يۈزەكى قاراپ، دۇنياپەرەستلىك ۋە پەلسەپەپەرەستلىك پىكرى بىلەن ئەھمىيىتى ئاز بىر ئۇقۇم بىلەن بەك ئەھمىيەتلىك ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇۋازىنەتنى بۇزامدۇ-يوق، بەزى ساھابىلەرنى تەنقىت قىلىش، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنى چەتكە قېقىش، چوڭ مۇجتەھىدلەرگە بىپەرۋالىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك ئاساسىدا يېزىلىپتىمۇ- قانداق، دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىلمىگەن بەزىلەر، دىنغا خىزمەت قىلىش نامىدىن قالايمىقان كىتاپلارنىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلمەي تەرجىمە قىلىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە سىياسىي، ھېسسىي ۋە مىللىي ھاياجان، ھەمدە ئەخلاق جەھەتتىكى چۆكۈشلەرنىڭ تەسىرىدە ئۆز-ئارا ئىختىلاپلار ۋە پىتنىلەرگە يول ئېچىلغان بولدى. ئاللاھ مەنىۋى ۋە ماددىي بالالىرىمىزنى ئەڭ قىسقا زاماندا دەپئى قىلىۋەتسۇن، ئامىن.

<u>سوئال: نۇر جامائىتى ئاخىرەتنىلا دەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشتىن سۇۋۇتىۋېتىدىكەن، دېگەنلەرگە قانداق قارايسىز؟</u>

جاۋاپ: پەيغەمبىرىمىزنىڭ (س.ئە.ۋ) تەۋھىدتىن قالسا ئەڭ چوڭ دەۋاسى

ئىنسانلارنىڭ نەزىرىنى دۇنيادىن ئاخىرەتكە بۇراشتۇر. ئۇستازىمىزمۇ بۇ زامان ھەققىدە: «ئاخىرەتنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئۇستۈن بىلىش— بۇ زاماننىڭ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. يەنى ئالماسنى ئالماس دەپ تونۇيدىغان تۇرۇقلۇق سۇنۇشقا مەھكۇم شىشىنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرۈشكە ئوخشايدۇ.» دەيدۇ. مۇشۇنداق بىر دۇنياپەرەستلىك ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا، رىسالەئى نۇر كىشىلەرگە ئاخىرەتنى ئاساس دەپ ياشىتىۋاتقان بولسا، شەيتان ۋە شەيتان يولدىكىلەر سۆيۈنمەيدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىن ئىپتىخارلىنىدۇ، مەنمۇ پەخىرلىنىمەن، ھەمدە رىسالەئى نۇرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئىدراك قىلىدۇ. ئەمما بەزى ئۆز كەسپىگە قەتئىي قىزىقمىغان ياكى ئۆگىنىلىشى «پەرزى كىپايە» بولغان دۇنيالىق ئىلىملەردىن «پەرزى ئەين» بولغان ئاخىرەتلىك ئىلىملەرنى ئۈستۈن بىلىپ، رىسالەئى نۇرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قۇرئان خىزمىتىنى قىلاي دېگەن بىر قانچە ياشنى كۆرۈپ، خۇددى رىسالەئى نۇر ياكى نۇرچىلار مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن ئۆگىنىشىنى توسىدىغاندەك گەپ تارقىتىش مۇسۇلمان ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ ئەيىپ ئىش. رىسالەئى نۇر پەنگە قارشى چىقىش ئەمەس، قۇرئاننىڭ ئىشارىي شەكلىدە پەن-تېخنىكىغا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى «20-سۆز»دە ئىسبات قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاسىيادا دىن ۋە پەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇتىلىدىغان «مەدرەسەتۇز زەھرا» دېگەن چوڭ بىر ئىرفان مەكتىبى قۇرۇش غايىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئۇنى ئوقۇغانلار كۆرىدۇ.

<u>سوئال: يەنە بىر چوڭ سوئال، **«بەدىئۇززاماننىڭ جاۋاپلىرى»** ناملىق كىتاپتا بەدىئۇززاماننىڭ **«زامان تەرىقەت زامانى ئەمەس... مەن تەرىقەت شەيخى ئەمەسمەن»** دەيدىغانلىقىنى ئوقۇغاندىم. بىراق يەنىلا خەلقلەردە بولىۋاتقان «رىسالەئى نۇردا ۋە نۇرچىلاردا تەسەۋۋۇپ (تەرىقەت) پىكرى ئىبغىر» دېگەن گەپنى قانداق ئىزاھ قىلىسىز؟</u>

جاۋاپ: بۇ خىل گەپلەرنى دەيدىغانلار تەرىقەتنىڭ نېمىلىكى بويىچە تولۇق چۈشەنچىسى بولمىغانلاردۇر، ياكى تەرىقەت يولىنى ئازغۇنلۇق دەپ قارايدىغان ئەھلى سۈننەت دائىرىسىدە بولمىغانلاردۇر. تولىمۇ ئەپسۇس، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە دىيارىمىزدا بۇ 20 يىل ئىچىدە راۋاج تاپقان خارىجى (خاۋارىج) زېھنىيەتلىكلەر خەلقىمىزنىڭ ئەقلىنى كۆپ جەھەتلەردىن بۇلغىنىغىدەك، تەرىقەت مەسىلىسى جەھەتتىمۇ پىكىرلەرنى غايەت دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى، كۆپلىگەن پىتنە ۋە ئىختىلاپلارغا يول ئاچتى. بۇ ئاخىرزاماننىڭ ئىجتىمائىي بازىرىدا مال تونۇمايدىغان خېرىدارلارنىڭ ئېلىشىغا سۇنۇلغان ساختا ماللارنىڭ بازار تېپىشىمۇ نورمال بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىتىمىزدىكى بەزى نادان يازغۇچىلار ئاپاق غوجىدەكلەرنى باھانە قىلىپ، تەرىقەتچىلەرنى خالىغىنىچە تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ نەزىرىدە تەرىقەتنى تامامەن بۇزۇق، ھەقىقەتسىز ۋە خۇراپىي يولدەك قىلىپ قويدى. بۇ ئىككى كۈچكە، بەلكى ئۈچ كۈچكە قارشى دىيارىمىزدىكى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئانچە تاقابىل تۇرالماي قالدى ياكى تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، ئاۋام خەلق نەزىرىدە قارشى تەرەپ كۆپرەك مەۋقە ئىگەللىگەن بولدى.

گەرچە رىسالەئى نۇرنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە رىسالەئى نۇرنىڭ يولى تەرىقەت ئەمەسلىكى ئوچۇق ئىپادە قىلىنىدۇ. ئەمما تەرىقەتنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە مەخسۇس بىر تېمىدا تەرىقەتنى ئىزاھ قىلىدۇ. بەزى نادان ۋە ئازغۇن تەرىقەتچىلەرنىڭ سۇيئىستىماللىرى تەرىقەتنىڭ تامامەن خاتالىقىغا دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئېتىرازچى شەخس ئەگەر تەرىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان ئەھلى سۈننەتتىن بولغان بولسا، مىڭلىغىچە رىسالەئى نۇر ۋە نۇرچىلارغا بولغان ئېتىرازلىرىغا «تەرىقەتچىلىك»نى قوشمىغان بولاتتى. «مەيلى» نەزىرى بىلەن قارايتتى. دېمەك

بۇلارغا دۇئا قىلىپ، تارىختىن بىرى زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدە، ئاللاھقا قەلبىنى باغلاپ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرىدەك رول ئوينىغان يۈزمىڭلارچە ئەۋلىيا رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرگەن تەرىقەتنى چۈشەندۈرۈش توغرا كېلىدۇ. ھەسەن بەسرى، شەيخى گەيلانى، ئەھمەد بەدەۋى، شاھى نەقشبەندى، مالىك بىن دىنار، ئىمامى غەززالى، ئەھمەد يەسەۋى، جەلالەددىن رۇمى، ئىبراھىم بىن ئەدھەم، ئىمامى رەببانىيلارنىڭ خىزمەت ۋە ھىممەتلىرىنى، كامالەت ۋە كارامەتلىرىنى نەزەرلىرىگە سۇنۇش لازىم. بۇ ئىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ، ھازىر تەرىقەتنىڭ بەزى مەسىلىلىرى بويىچە بىرئاز سۆز سۆزلىگەن بولايلى:

تەرىقەتلەر بولسا تەسەۋۋۇپنىڭ تاللىرى بولۇپ كۆپلىگەن تەرىقەت يوللىرى بار. تەسەۋۋۇپ- قەلبنى فانىي ئىشلاردىن ئايرىپ، ئاللاھقا مۇھەببەت ۋە ئاشىقلىق بىلەن باغلانماق، سۈننەت ئاساسىدىكى ئەخلاقىي سەزگۈرلۈك بىلەن زىننەتلىنىپ ھەقىقىي مۇئمىن بولماق بولۇپ، ساھابەئى كىراملاردىمۇ تەسەۋۋۇف ھاياتى باردۇر. تەسەۋۋۇپ مەسىلىلىرىدىن بولغان زىكىر، پىكىر، ئىخلاس، مۇھەببەت، كىچىك پېئىللىق، دۇنياغا زاھىدلىق، تائەت، تەۋەككۇل، قانائەت، مەرتلىك ۋە سەبىر دېگەندەك سۈپەتلەر ساھابىلەر ئەستايىدىل بېرىلگەن ھاللاردۇر. ئالايلۇق، پەن دائىرىسىدە پەلسەپىنى پەنلەرنىڭ ئانىسى دېگىنىدەك، بۇرۇن بىر مۆجىزىلىك شەخس چىقىپ ھەيران قالارلىق بىر پەلسەپە كىتابى يازغان بولسا، ئۇ كىتاپنىڭ ھەممە نۇقتىسىنى كېيىنكىلەرنىڭ پۈتۈنلەي چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بەزى مۇتەخەسسىسلەر، ئۇ كىتاپتىكى مەسىلىلەرنى ھەربىرى ئۆز ئىقتىدارى بويىچە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە ۋە جۇغراپىيەدەك قىسىملارغا بۆلۈپ، ھەم ئۇ قىسىملار بويىچە فاكۇلتېتلار ئاچقان بولسا، ئۇلار «بۇ فىزىكا ئوقۇشلىقىمىز ئۇ پەلسەپە كىتاپنىڭ ئۆزى شۇ» دېمەستىن، «ئۇنىڭدىن» دېيىش شەرتى بىلەن، ئۇ پەلسەپە كىتابى ئۇچۇن خىزمەت

قىلغان بولىدۇ. ھېچبىر تەنقىدنى قوزغايدىغان ئىش قىلغان بولمايدۇ. شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىسىدا ساھابىلەردە ئومۇمىي شەكىلدە تەسەۋۋۇپ ھاياتى بار ئىدى، بىراق تەرىقەت «فاكۇلتېتلىرى» شەكىللەنمىگەن. كېيىن خۇددى مەزھەپلەرگە ئېھتىياج تۇغۇلۇپ تۆت مەزھەپ پەيدا بولغاندەك، تابىئىن ۋە تەبەتابىئىن دەۋرلىرىدە تەرىقەتچىلىكنىڭ بەزى ئاساسلىرى بارا-بارا تەرەققى قىلىپ ھىجرى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ خىلمۇ-خىل شەكىل ۋە تاللىرى بولغان تەرىقەتلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. يەنى تەرىقەت شەيخلىرى بولغان بۈيۈك زاتلار سۈننەت ئاساسىدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مىئراجىنىڭ مەنىۋى كۆلەڭگىسى ئاستىدا تەرەققى قىلىپ، ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ قەلىپ كۆزىگە ئېچىلىشى نەتىجىسىدە تاپقان مېتود ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق، باشقىلارغىمۇ، تۈرلۈك غەپلەت پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلاش، نەپسنى تەربىيەلەش، ئەخلاقنى تۈزىتىش ۋە ئاللاھقا مۇھەببەت بىلەن يېقىنلاش، نەتىجىدە ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسى بولغان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشىش يولىنى پروگراممىلىق ۋە سىستېمىلىق شەكىلدە كۆرسىتىپ بەرگەن. پۈتۈن تەرىقەتلەرنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ ئېچىلىشى بولۇپ، بۇ تەرىقەت شەرىئەتنىڭ بىر دەلىلىدۇر. بۇ يوللارغا ئۇ شەيخلەرنىڭ خۇسۇسىي تەجرىبە ۋە مېتودلىرى ئارىلاشقانلىقى، ئىسلامىيەتنىڭ ۋە پەيغەمبەر يولىنىڭ تولۇق كۆرىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلىكى، يەنى تار دائىرىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شەيخلەر «قۇتۇلۇش يولى پەقەتلا بىزنىڭ يولىمىز، ئىسلامىيەت پەقەتلا مۇشۇ» دېمىگەن، بەلكى «يولىمىز ئىسلامىيەتتىن» دېگەندۇر. مۇسۇلمانلاردىنمۇ ھالى ۋە شارائىتى ماس كەلگەنلەر ئۆزى خالىغان بىر تەرىقەتكە كىرگەن. تەرىقەتلەر ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن تامامەن قوللىنىپ ئاخىرقى ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىمان پەيزى

بىلەن پەيزلەندۈرۈپ كەلگەن ۋە ئىسلام ئۈچۈن ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بىراق بۇ جەرياندا شەيخلىرىنىڭ تۈزۈپ بەرگەن يولىغا بىپەرۋالىق قىلىپ تەرىقەتنى سۇيىئىستىمال قىلغانلارمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە كۆرۈنگەن، بولۇپمۇ 20-ئەسىردە بۇلار ماتېرىيالىزىم، پەلسەپە ۋە مەنپىي مەدەنىيەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك يامرىشىغا تاقابىل تۇرالماي، ئەسلىدىكى روھانىي يۈكسەكلىكنى يوقىتىپ قويغان. شۇڭا بەدىئۈززامان سەئىد نۇرسى ھەزرەتلىرى ئاساسەن قەلىپ، زىكىر ۋە ئەمەل ئاساسىدا مەنىۋى تەرەققىياتقا يۈزلىنىدىغان، ئىمانى بولغانلارغا ۋە بىر قىسىم كىشىلەرگىلا خىتاپ قىلغان بۇ يولنىڭ بۇ زاماندا ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بىلىپ، ئەقىل ۋە قەلىپ بىرلەشكەن، ئومۇمغا خىتاپ قىلىدىغان بىر قۇرئاني يولنى «رىسالەئى نۇر» بىلەن ئاچقان ۋە پۈتۈن دۇنيا پەلسەپىچىلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغان. «قۇرئاننىڭ ئۆچمەس ۋە ئۆچۈرۈلمەس بىر قوياش ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمەن!» دېگەن.

<u>سوئال: كارامەتكە ئىشەنسەك بولامدۇ؟</u>

**جاۋاپ:** تەسەۋۋۇپ دېيىلسە ئەۋلىيا، ئەۋلىيا دېيىلسە كارامەت ئەسكە كېلىدۇ. ئەۋلىيالىق ساھابىلەردە ئەڭ ئۈستۈن شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلاردىمۇ كارامەت يەنى ئاللاھنىڭ ئالاھىدە ئىكرامى كۆرۈنگەن. ئەۋلىيا، «ۋەلى» (ئاللاھنىڭ دوستى) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، تىلىمىزدا بىرلىك شەكىلدە قوللىنىش ئادەت بولغان. ئەۋلىيالار، يەنى ۋەلىلەر تەسەۋۋۇپ يولىدا تەرەققى قىلغان ناھايىتى تەقۋادار كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكىگە ئىلتىپات قىلىپ، باشقىلار قىلالمايدىغان ئەھۋاللارنى ئىكرام قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەيران قالارلىق ئىش كارامەتكىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ھېلىمۇ كائىناتتىكى ھەر ئىش مۆجىزە ۋە كارامەتتۇر. ھەم بۇ مۆجىزە، ھەم تېمىمىزدىكى كارامەت ھەر ئىككىسى ئاللاھ ياراتقان ئىشتۇر.

قۇرئاندىكى كارامەتنىڭ مىساللىرىدىن بىر قانچىنى تىلغا ئالساق، مىسال، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنىڭ بەلقىسنىڭ تەختىنى يەمەندىن پەلەستىنگە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىشى (سۈرە نەمل:27)؛ ھەزرىتى مەريەمنىڭ قۇرۇق خورما دەرىخىنى سىلكىشى نەتىجىسىدە ھۆل خورمىلارنىڭ چۈشىشى (مەريەم:19)؛ ھەزرىتى زەكەرىيا قاچان (مەريەم ئولتۇرغان) ئىبادەتخانىغا كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا ھەيران قالارلىق شەكىلدە يەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشى (ئالى ئىمران:37) قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، پەيغەمبەر بولمىغان زاتلارنىڭ كارامەتلىرى بولغىنىدەك؛ ھەدىس شەرىفلەردىكى كارامەتكە ئائىت رىۋايەتلەردىن بىر قانچىسى بولسا: ئابد بىن جۇۋەيىن تېخى بۆشۈكتىكى بىر بوۋاق بىلەن سۆزلىشىشى (بۇخارى، ئەنبىيا:48)؛ ئېگىسى بىلەن سۆزلەشكەن كالا قىسسەسى (بۇخارى، ئەنبىيا:54)؛ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مەدىنىدىن نىھاۋەنددىكى ئىسلام قۇماندانى بولغان سارىيەگە ئەمر قىلىپ «تاغقا چىق!» دەپ سارىيەگە ئاڭلىتىشى (ئەجلۇنى، كەشفۇل خافا<2>: 380-381) قاتارلىقلار.

بۇ خىل ئىكراملار تارىختا ئۇ قەدەر كۆپ كۆرۈلگەنكى، ساناقسىز ئىنساننىڭ تىلىدا كېزىۋاتقان ئۇ ھەيران قالارلىق ئىشلارنى جاھىللىق بىلەن ئىنكار قىلىش بەكمۇ ئەخمىقانىلىقتۇر. «بولسا بىزدە بولاتتى» دېگەندەك كىچىككىنە ئىلمىي مەرتىۋىسىنى چوڭ بىلگەنلىكتۇر ۋە ياكى ماتېرىيالىزىمنىڭ تەسىرىدە قالغانلىقتۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ئاساسىدا مۇكەممەل ياشىغانلىقىنىڭ بەرىكىتى بىلەن كېلىدىغان بۇ كارامەت بىر جەھەتتىن پەيغەمبىرىمىزگە تەئەللۇقتۇر. ۋەلايەتى كۇبرا (چوڭ ئەۋلىيالىق) ئىگىلىرى بولغان ساھابىلەرگە قارىغاندا كېيىنكى ئەۋلىيالاردا كارامەتنىڭ كۆپرەك كۆرۈنىشى، بۇ خىل تەسەۋۋۇپقا ئىلتىفات قىلىپ قۇۋۋەت بېرىش ئۈچۈندۇر. بىراق شۇنى بىلىش لازىمكى، ئەۋلىيا ھەر ۋاقىت دېگىنىنىڭ ۋە دېگىنى

بويـچە كارامەت كۆرسـتـەلـەيدۇ دېـيـش خاتا بولـغـنـدەك، كارامەتنى ئاللاھـنـڭ فېئـلى (ياراتقـنـى) دېمەسلـكمۇ شـرـكتۇر.

دىققەت قـلـدىغان يەنە بـر نۇقتا شۇدۇركى، بـرـسـنـڭ كارامـتـنى تۇتقا قـلـپ. پەقەتلا ئۇ ئارقـلـق دىن تارقـتـشـنى ئۇستازىـمـزدەك ئالـمـلـرـمـز ئانچە ئۇيغۇن كۆرمگەندۇر. چۈنكى بۇنى ئاۋام خەلق كاپـرلاردىمۇ ئاللاھـنـڭ سـنـقى بـلـەن كۆرـنـدىغان «ئـسـتـدراج» بـلـەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكـن. كارامەت مەقبۇل قۇللاردىن؛ كۆز بويامچـلـق، سـهـر، ئۇسـتـلـق ۋە جـنـكەشـلـكـلەر نەتـجـسـدە كۆرۈلگەن ھەيران قالارلـق ئـشلار بولغان ئـسـتـدراج بولسا، مەنمەنچـلـك، پۇل تېـپـش ۋە ئالداش مەقسەتلـرـدە ئازغۇنلاردىن كۆرـنـدۇ.

<u>سوئال: ۋەسلە دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟</u>

**جاۋاپ:** ئەھلى سۈنـنـەت ئـمـاملـرى قوبۇل قـلـپ كەلگەن تەسەۋۋۇپ مەسلـكـدە جـق ئۇچرايدىغان «ۋەسـلـە» ۋە «ئـسـتـغاسە» دېگەن ئـشـلارنى، قۇرئان ۋە ھەدىـسـنـڭ يۈزەكى مەنـسى بويـچە مۇتەخەسسـس بولـۋالغان بەزى ئازغۇن پـرقـدىكـلـەر، تەرىقەت ئەھلـدىن بولغان ئازغۇن بەزى كالـۋالارنـڭ خاتالـقـنى تۇتقا قـلـپ، خاتا ۋە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ خەلقـنـڭ كاللـسـنى قايمۇقتۇرىۋاتـدۇ.

ھەزرـتى ئەنەسـنـڭ رىۋايـتـدە، ھەزرـتى ئۆمەر قۇرغاقچـلـق زامانـدا يامغۇر دۇئاسغا چـقـقاندا ھەزرـتى ئاباسنى ۋەسـلـە قـلـپ: **«ئاللاھـم، بـز بۇرۇن پەيغەمبـرـمـزنى ۋەسـلـە قـلـپ سەندىن يامغۇر تـلـەيتتۇق. ھازىر ئۇنـڭ تاغـسـنى ۋەسـلـە قـلـپ سەندىن يامغۇر تەلەپ قـلـمـز، بـزگە يامغۇر بەر!»** دەيتتى ۋە دەرھال يامغۇر يـغـشقا باشلايتتى.(بۇخارى، ئـسـتـسقا:3).

ئـمامى ئەھـمـەد ۋە تـرـمـزى بـلـدۈرۈشـدۇكى، **كۆزى ئەما بولغان بـر ئادەم پەيغەمبـرـمـزنـڭ(س.ئە.ۋ) يېـنـغا كـېلـپ، ئۇنـڭغا دۇئا قـلـشـنى ئۆتۈندى.**

**پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) ئۇنىڭغا: «خالىساڭ بۇنى تەخىر قىلايكى، ئاخىرىتىڭ ئۇچۇن خەيرلىك بولىدۇ** (تىرمىزىدا بولسا، خالىساڭ سەبىر قىل، شەكلىدە)؛ **خالىساڭ دۇئا قىلاي» دېدى. ئۇ ئادەم دۇئا قىلىشىنى خالىدى. پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) ئۇنىڭغا كامىل بىر تاھارەت ئېلىشىنى، ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىشىنى، ئاندىن: «ئاللاھىم، سېنىڭ رەھمەت پەيغەمبىرىڭ بولغان مۇھەممەدنى ۋەسىلە قىلىپ سەندىن خالاۋاتىمەن، ساڭا يۈزلىنىۋاتىمەن. ئەي مۇھەممەد! بۇ ئېھتىياجىمنىڭ دەپئى بولىشى ئۈچۈن سەن ئارقىلىق (سېنى ۋەسىلە قىلىپ) رەببىمگە يۈزلىنىۋاتىمەن. ئاللاھىم! ئۇنىڭ ماڭا بولغان شاپائىتىنى قوبۇل قىل!» دەپ دۇئا قىلىشىنى ئەمر قىلدى.** (تىرمىزى، دەئەۋات:119؛ مۇسنەد:138\4). ئۇ كىشى ھەقىقەتەن دېيىلگەن بويىچە قىلدى، قايتىپ كەلگىنىدە كۆزلىرى ئېچىلغانىدى. (تۇخفەتۇل ئەھۋەزى، بۇ ھەدىس شەرھى).

بىر ئەرەبنىڭ بۇ تېما بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر قىسسىسى ئەلئۇتبىدىن نەقىل قىلىنغاندۇر. بۇ زات دەيدۇكى: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ(س.ئە.ۋ) قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئەرەبى كەلدى ۋە شۇنداق دېدى: «يا رەسۇلەللاھ! مەن ئاللاھتىن شۇلارنى ئاڭلىدىم:〈 **ئۇلار ئەگەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋاقىتلىرىدا، سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، رەسۇلمۇ (يەنى سەنمۇ) ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تىلىگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ئاللاھنى -تەۋبىنى قوبۇل قىلغان- ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى.〉** (نىسا:64) بۇ سەۋەب بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ۋە سىزنى رەببىمگە شاپائەتچى قىلىش ئۈچۈن سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم.» ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنى مەدھىيەلىگەن بىر شېئىر ئوقۇدى ۋە قايتىپ كەتتى. ئۇ كىشى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە رەسۇلۇللاھنى(س.ئە.ۋ) كۆردۈم، ماڭا شۇنداق دېدى: «**ئەي ئۇتبى! ئۇ ئەرەبنىڭ يېنىغا بار ۋە ئاللاھنىڭ ئۇ**

**مەغپىرەت قىلغانلىقىنى خوشخەۋەر بەر!**» (ئىبنى كەسىر، ئاللاقىدار ئايەتنىڭ تەپسىرى؛ نەۋەۋى، ئەلمەجمۇ:8\274).

ھەزرىتى ئۆمەر رىۋايەت قىلىدۇ: ھەزرىتى پەيغەمبەر(س.ئە.ۋ) شۇنداق دېگەن: **ھەزرىتى ئادەم خاتالىق سادىر قىلغان ۋاقىت: «يا رەببى! مۇھەممەدنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن» دەپ يالۋۇردى.** (بەيھەقى، تەبەرانى، ھاكىم)

ۋەسىلە، ۋاستە دېمەكتۇر. ئىسلامىيەتتە ۋەسىلەنىڭ تۈرلىرى بار. 1. ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىپ تىلەش. ئىبنى ماجە ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) بىر دۇئاسىدا شۇنداق دېدى: **«ئاللاھىم، پاك، گۈزەل ۋە مۇبارەك ئىسمىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن خالايمەن.»**؛ 2. «ماڭا دۇئا قىلىڭ» دېگەندەك دۇئانى ۋەسىلە قىلىش؛ 3. يۇقىرىدىكى ھەدىستىكىدەك بۈيۈك زاتلارنى ۋەسىلە قىلىش؛ 4. سالىھ ئەمىلىنى ۋەسىلە قىلىش. (ھەدىستىكى غارغا سولىنىپ قالغانلارنىڭ دۇئاسىدەك). دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇدۇركى، ۋەسىلە قىلىنغۇچى، ئاللاھ بىلەن بولغان باغ ۋە مۇناسىۋەتكە زىيىنى بولمايدىغان، «ئاللاھتىن تىلەش» مەنىسىگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، شەففاف (نۇر ئۆتكۈزىدىغان) پەردىدەك بولماستىن، ئۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغان، كەسىف (نۇر ئۆتكۈزمەس) پەردىدەك بولۇپ، يۈزلىنىشنى ئۆزىگىلا خاس قىلىدىغان بولسا شىرىكتۇر.

ھەر ئىشنى ئۇڭشاش يولى تۇرسا، تېگىدىن بۇزۇش ھاماقەتلىكتۇر. ۋەسىلىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان قۇرئاندىكى «مائىدە:35»، «ئىسرا:57» ئايەتلىرىمۇ جاھىللىق بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك.

**ئىستىغاسە**گە كەلسەك، ياردەم خالاش مەنىسىدىدۇر. ئەھلى سۈننەت ئېتىقادى بويىچە، قوياش ياكى كەبىدەك جانسىز ۋە ئىدراكسىز مەخلۇقتىن ئىستىغاسە جائىز ئەمەس. ئىدراكلىق بولۇپ، ئىستىغاسە قىلىنغۇچى سالىھ مۇئمىن بولۇش شەرتى

بىلەن، ئۇ ئالدىدا ھازىر بولسۇن ياكى قەبىر ئالىمىدە بولسۇن ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلەش مەقسىدى بىلەن ئىستىغاسە قىلىش جائىزدۇر. چۈنكى ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) بەدىر غازىتىدا ئۆلگەن مۇشرىكلار ھەققىدە ساھابىلەرگە شۇنداق دېگەندۇر: **«سىلەر بۇلاردىن ئارتۇق ئاڭلىمايسىلەر، بىراق بۇلار جاۋاپ بېرەلمەيدۇ.»** دېمەك ئۆلگەن ئىنسان قەبىر ئالىمىگە كۆچكەن بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس بىر ھاياتى باردۇر. قۇرئاندا شېھىتلەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە دىققەت تارتىلىدۇ. ئۇ يەردىكى سالىھ قۇللار ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بۇ دۇنيادىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولالايدۇ، سالام بېرىلسە جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ياخشى كۆرگەن بىر يېقىنىمىز ۋاپات قىلغاندىن كېيىن نەزىرىمىزدە قىممەتسىز، ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۇخشاشلا ئىككى جاھان قوياشى بولغان ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنى (س.ئە.ۋ) ئۆلۈپ كەتتى، دەپلا قىممەتتىن چۈشۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ ھالبۇكى ئۇلار ئۆلۈم ئارقىلىق ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشقاندۇر. باشقا بۆيۈك زاتلارمۇ دەرىجىسىگە قارىتا شۇنداقتۇر. ئىستىغاسە قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ياردەملىرى ئۇلارنىڭ دۇئالىرى نەتىجىسىدە ئاللاھتىن كېلىدۇ، دەپ چۈشىنىش شەرتتۇر. خۇددى سىز دادىڭىزدىن ياردەم سورايسىز، ياكى تېلېفوندا يىراقتىكى بىرىسىدىن ياردەم سورايسىز، ئاللاھنىڭ ئىزنى بولسا ياردەم بېرىلىدۇ. شىرىك دېيىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك مەقبۇل قۇللاردىنمۇ مەنىۋى تېلېفوندەك ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ياردەم سورالسىمۇ، ياردەمنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلار بېرەلەيدۇ. ئەگەردە ئاللاھنىڭ ئىزنىسىزمۇ ياردەم بېرەلەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىنسا شىرىك بولىدۇ. بۇ ئىنچىكىلىكنى چۈشەنمىگەن ئىنسان بولۇپمۇ بۇ زاماندا دىققەت قىلىشى لازىم. بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرى دەيدۇكى: **«جانابى ھەق، سەلتەنىتىدە شېرىككە ئېھتىياجلىق بولمىغىنىدەك، رەببانىي ئىجرائىيتىدىمۇ ياردەمچىلەرگە، شېرىكلەرگە مۇھتاج ئەمەس. ئەمىر ۋە ئىرادىسى، كۈچ-قۇۋۋىتى**

**بولمىسا، ھېچبىر نەرسە ھېچبىر نەرسىگە مۇداخىلە قىلالمايدۇ (ئارىلىشالمايدۇ). ھەر كىم ئۇنىڭغا بىۋاستىلا مۇراجىئەت قىلالايدۇ.»** (20-مەكتۇپ).

ئىبنى مەسئۇد (ر.ئە) نەقىل قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (س.ئە.ۋ) شۇنداق دېگەن: **«...ھاياتىم سىلەر ئۈچۈن خەيرلىكتۇر، سىلەر (خالىغان مەسىلىلىرىڭلار بويىچە مەن بىلەن) سۆزلىشەلەيسىلەر ۋە سىلەرگە لايىق جاۋابلار بېرىلىۋاتىدۇ. ئۆلۈمۈممۇ سىلەر ئۈچۈن خەيرلىكتۇر. چۈنكى ئەمەللىرىڭلار ماڭا يەتكۈزىلىدۇ، گۈزەل ئەمەللىرىڭلار سەۋەبلىك ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمەن، يامان ئەمەللىرىڭلار سەۋەبلىك سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن.»** (ھافىز ھەيسەمىي، بەززارنىڭ بۇ ھەدىسىنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. زەۋائىد:9\24) ھەدىستىكى بۇ مەغپىرەت تىلەش، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ دۇئا، شاپائەت ۋە مەنىۋى ياردەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبەر ۋە ۋەلىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشكە پايدىسى بولىدىغان يەنە بىر ھەدىس كۆرۈپ قالدىم: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ چۆلدە مېلى قېچىپ كەتسە، ‹ئەي ئاللاھنىڭ قۇللىرى تۇتۇڭلار! ئەي ئاللاھنىڭ قۇللىرى توختىتىڭلار!› دېسۇن. چۈنكى ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدە ھازىر بولغان قۇللىرى باردۇر، ئۇنى تۇتىدۇ.»** تەبەرانى، ئەلمۇجەمۇل كەبىر10518، 10\217؛ ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد 5269، 9\177؛ ئىبنى ھاجەر، ئەلمەتالىبۇل ئالىيە 3375، 3\239؛ دەيلەمىي، مۇسنەدى فىردەۋس 1311، 1\330)

قۇرئاندا پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلارنى قوغدايدىغانلىقى شۇنداق سۆزلىنىدۇ: **«ئۇ ئىنساننىڭ ئالدىدا ۋە ئارقىسىدا دائىمىي ھالدا نۆۋەتلىشىپ ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن پەرىشتىلەر باردۇر. بۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنى قوغدايدۇ.»** (رەئد:11) دېمەك پەرىشتىلەرنىڭ قوغدىشى شىرىك بولمىغىنىدەك، باشقا مەخلۇقلارنىڭمۇ ياردىمى ۋە

قوغدىشى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن دەپ بىلىش شەرتى ئاستىدا شىرىك ئەمەستۇر.

<u>سوئال: شاپائەت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرسىڭىز؟</u>

جاۋاپ: **«ھەر ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا»** ھەقىقەتتى بويىچە، ھېچكىمنىڭ ۋە ھېچ نەرسىنىڭ قولىدا ئۇنىڭسىز (ئاللاھسىز) ياخشىلىق بولالمايدۇ. ئەگەر رەببىمىز بىزلەرگە بىر ياخشىلىقنى بىرەرسىنىڭ قولى بىلەن بەرگەن بولسا، بىز ئۇ ياخشىلىقتا يەنە ئۇنىڭ رەھمىتىنى كۆرىمىز، شۈكۈرنى ئۇنىڭغا قىلىمىز. بۇ تەۋھىد ئەقىدىمىزنىڭ تەلىپىدۇر. ناۋادا بىرى بۇ خىل ئەقىدىگە زىت ھالدا پالانچى پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيانىڭ قولىدىن ئۆزلىكىدىنلا ھەر ياخشىلىق كېلىدىغاندەك باغلانسا، بۇمۇ ئىسلام روھىغا مۇخالىپتۇر. قۇرئاندا ناھايىتى ئېنىق دەلىللەر باردۇركى، بىراق نادان ئىنسانلار ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى، مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمىگەنلىكتىن خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەپ مۇشرىكلىرى ئۆز ئېتىقاتلىرى بويىچە، رەببىنىڭ ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن ئەقىلسىز بۇتلىرىنى ۋاستە قىلمىسا بولمايتتى. شاپائەتنى رەت قىلغان ئايەتلەردىن، **«(ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى ئاللاھنى قويۇپ، (بۇتلاردىن) شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى: ‹ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟)›»** (زۇمەر:43) دىگەندەك ئايەتلەر يۇقىرىقى باتىل پىكىرنى يىقىتىش ئۈچۈن نازىل بولغان.

شاپائەت ھەققىدىكى بەزى ئايەتلەر بولسا، مۆئمىنلەرگە باشقىسىنىڭ ياردىمىگە بەل باغلىۋالماستىن، ئاخىرەتتە كۆرىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ (شاپائەتمۇ) بۇ دۇنيادىكى قىلغانلىرىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ دۇنيادا قولىدىن كەلگىنىچە خەيرلىك ئەمەل قىلىشقا تەۋسىيەدۇر. مەسىلەن: **«كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى**

**ئۆزىگىدۇر، يامانلىقمۇ ئۆزىگىدۇر.»** (بەقەرە:186).

بەزى ئايەتلەر بولسا قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ھەمدە مەھشەرگاھنىڭ، رەسۇلۇللاھقا(س.ئە.ۋ) شاپائەت رۇخستى بېرىلىشتىن بۇرۇنقى دەھشىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن: **«كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىمنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن پىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار»** (بەقەرە:48).

بۇ خىل ئايەتلەر بىلەن بىللە، يەنە كۆپلىگەن ئايەتلەر شاپائەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. بىراق بۇ شاپائەت پەقەتلا ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن، ئۇ خالىغان قۇللارغا بولىدۇ. بۇ مەنىنى دەرس بەرگەن ئايەتلەردىن بىر قىسمى:

**«ئۇنىڭ ھوزۇرىدا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلەردىن باشقىسىنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ.»** (سەبە:23) دېمەك، شاپائەتكە رۇخسەت بېرىلگەنلەرنىڭ شاپائىتى پايدا بېرىدۇ.

**«كۆكلەردە نۇرغۇن پەرىشتىلەر باردۇركى، ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان كىشىلەر ئۈچۈن (ئۇلارغا) رۇخسەت بەرمىگىچە ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچبىر ئىشقا يارىمايدۇ»** (نەجم:26)

**«ئۇنىڭ ئىزنى بولماستىن ئۇنىڭ ھوزۇرىدا كىم شاپائەت قىلالايدۇ!»** (بەقەرە:255) يەنى ئىزنى بولسا قىلالايدۇ.

دېمەك شاپائەت ھەقتۇر. ئەمما كىمگە بۇ جەھەتتە رەھمەت قىلىنىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ شاپائەت قىلىشقا ۋە قىلىنىشقا لايىق بەندە بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ھەدىستە: **«قىيامەت كۈنى ئۈچ قىسىم كىشىلەر شاپائەت قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر، ئالىملار ۋە شېھىتلار»** (تاج)(ئىبنى ماجە) دېيىلگەن؛ بەزى ھەدىسلەردە بولسا بالاغەتكە يەتمەستىن ۋاپات بولغان ئۇششاق بالىلارنىڭمۇ ئاتا-ئانىسىغا

شاپائەت قىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. يەنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان قۇلىغا دورىنى دوختۇرنىڭ قولى بىلەن تەمىنلەپ رەھمىتىنى سۇنغىنىدەك، بىر شىپەتنىڭ شاپائىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا قۇللىرىغا رەھمەت قىلىدۇ.

<u>سوئال: «مۇسۇلمانلار» دېگەن تور بېكىتى ھەققىدە پىكرىڭىز قانداق؟</u>

جاۋاپ: بۇ تور بېكىتنى بىلمەيتتىم. بىر قېتىم پىتنىلىرى سەۋەبلىك ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. قارىسام، (باشقا مەزمۇنلىرىنى بىلمەيمەن) رىسالەئى نۇر ۋە ئۇستازىمىز ھەققىدە ساراڭلارچە سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپتۇ. بۆھتان ۋە تۆھمەتنىڭ ئۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىسى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىپ رىسالەئى نۇرغا قارشى پىكىردە بولغانلارنىڭ مەھرۇمىيتى ۋە پىتنىلىرىدىن نەقەدەر چوڭ ئاخىرەتلىك مەسئۇلىيەتكە قالىدىغانلىقىنى ئويلىسا روھ تىترەيدۇ. ئۇزۇن كىرىشىش بىھۇدىدۇر. قىسقىچە بىر قانچە مەسىلىسىنى دېسەم: بۇزۇپ تەرجىمە قىلغان ياكى ئويدۇرغان سۆزلىرىدىن **«رىسالەئى نۇر ئايەتلىرى»، «رىسالەئى نۇر قۇرئاننىڭ ئەرشتىكى ئورنىدىن»، «رىسالەئى نۇرنىڭ پارىلىرى»، «رىسالەئى نۇرنى چۈشەنمەي ئوقۇپمۇ ئالىم بولالايدۇ، دەيدۇ»، «نۇر ئەلچىسى»، «ئىسا ئەلەيھىسسالام- سەئىد نۇرسىدۇر»... دېگەندەك دېيىشكە تىلمۇ بارمايدىغان بۇ خىل ئويدۇرمىلىرى ۋاللاھى يالغان،** رىسالەئى نۇردا بۇنداق ئىدىيە ۋە گەپلەر يوق. بۇ خىل پىتنىلەردىن بىرىسىلا، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىدە نەقەدەر مەسئۇلىيەتسىز، سەممىيەتسىز ۋە پىتنىخور ئىكەنلىكىنى روشەن نامايەن قىلىپ بىرىدۇ. «ساقنى تاز دېسەڭ كۆلگۈسى كېلىدۇ» دېگەندەك، بۇ خىل پىتنىلەر بىزگە بېسىم ئېلىپ كېلىش ئەمەس، بەلكى ئىچ ئاغرىتىشىمىزنى قوزغىدى. ئۇلار مەقسەتلىرىنىڭ ئەكسىگە رىسالەئى نۇرنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بازارسىز قىلىش ئەندىشىسى بىلەن، ھەسەتخورلۇق بىلەن قىينىلىپ يۈرگەنلىكىگە دەلىل كۆرسەتكەن بوپتۇ.

ئۇنۇتمايلىكى، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىبلىسقا ئېتىراپ قىلغۇزمىغان نەرسە ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكى ئەمەس، ھەزرىتى ئادەمگە قارشى بولغان ھەسەتخورلۇقىدۇر. ئاللاھ ئۇ تور بىكەت ئىگىلىرىگە ئىستىقامەت ۋە تەۋبە نېسىپ قىلسۇن. بۇ تور بىكەتنىڭ باشقا مەزمۇنلىرى بويىچىمۇ دىققەت قىلىش لازىم ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمانلىرىمىز ئۇنۇتماسلىقى زۆرۈر.

سوئال: بەدىئۇززاماننىڭ رىسالەئى نۇرنىڭ ماختىلىشىغا ئائىت مەكتۇپلارنى قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭمۇ رىسالەئى نۇرنى ماختىشى غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟

**جاۋاپ:** ھەر قانداق ماختاش ۋە مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىگە قاراش لازىم. مەسىلەن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ «**جىنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئاتا-ئانىسى، بالىسى ۋە جىمى ئىنسانلاردىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغىنچە، ھەممىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈلمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر**» دېگەن ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلغان چاغدا، پەيغەمبىرىمىزنى ئاللاھنىڭ مۇجەسسەم (جىسىملاشقان) رەھمىتى دەپ چۈشىنىش لازىم. بولمىسا خۇددى ئىمان يولى، قانداقمۇ بىر ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، دەپ گۇمانغا چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. شۇنىڭغا ئوخشاش، «**رىسالەئى نۇر قۇرئاننىڭ مېلى، ئۇنىڭ تەپسىرى. مېنىڭ ئەسىرىم بولالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكلەر مېنىڭ ھۆنىرىم ئەمەس. مەنمۇ سىلەردەكلا رىسالەئى نۇرنىڭ بىر شاگىرتىمەن.**» دېگەن سەئىد نۇرسى ھەزرەتلىرى رىسالەئى نۇرنى ئۆز ئىقتىدارىدىن چىققان ئەسەر دەپ كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى گۈزەل قۇرئانىي ھەقىقەتلەرنى، ھازىرغىچە خىلمۇ-خىل ماسكىلار بىلەن يوشۇرۇن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دىن دۈشمەنلىرىنىڭ پىتنىلىرىدىن قوغداش، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرمەسلىك، تۆھمەتلەرگە ئالدانماسلىق مەقسىتى بىلەن، يۈكسەك نەزەرلىك ئالىم تالىپلىرىنىڭ مەدھىيەلىك مەكتۇپلىرىنى قوبۇل

قىلىدۇ. ئۆزىمۇ نۇر خىزمىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن، خىزمەتنىڭ مەقبۇللىقىغا ئىشارەت بولغان، هازىرمۇ ئالامەتلىرى دائىم كۆرىنىپ تۇرغان خىزمەتتىكى ئىلاھىي ئىلتىپات ۋە كارامەتلەرنى «**رەببىڭنىڭ ساڭا بەرگەن نىمەتلىرىنى ئېيتىپ بەر**»(زۇھا:11) ئايىتىگە ئاساسەن بەزىدە ئاشكارىلايدۇ. ئەمما رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلار تامامەن قانائەت هاسىل قىلىدۇكى، ئۇستازىمىز ئىخلاس، كىچىك پېئىللىق، ئۆزىنى قۇسۇرلۇق كۆرۈش، مەنمەنچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەستلىكنى ئۆلتۈرگۈچى زەھەر دەپ بىلىش... دېگەندەك نۇقتىلار بويىچە ھەيران قالارلىق شەخسىيەتتۇر. ئېتىراز قىلغۇچىلار بولسا، يا كىتاپنى تولۇق ئوقۇمىغانلار، ھەتتا ھېچ ئوقۇپ باقمىغانلار ياكى ئوقۇسىمۇ غەرەز ۋە پىتنە نەزىرى بىلەن قۇسۇر ئىزدەشنىڭلا كويىدا بولۇپ، ھەقىقەتلەرگە قارىتا كۆزىنى يۇمىۋالغانلاردۇر.

<u>سوئال: بىر مۇسۇلمان ئۆيلەنمىسىمۇ بولامدۇ؟</u>

جاۋاپ: ئىسلامىيەتتە بەزى ھۆكۈملەر مۇتلەق ئەمەس. بەزى شەرتلەرگە ئاساسەن پەرقلىق ھۆكۈملەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك ئۆيلىنىشنىڭمۇ بەزىلەر ئۈچۈن ۋاجىپ(هارامغا كىرىش ئېھتىمالى بولسا)، بەزىلەر ئۈچۈن سۈننەت، مەكرۇھ، هارام (ئايالىغا زۇلۇم قىلىدىغان خاراكتېردىكى بىرى ئۈچۈن) ۋە مۇباھ... دېگەندەك ھۆكۈملىرى بار. دىنىمىزدا دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا دەيلەمىدىن (ر.ئە) رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شۇكى: «**ئاللاھ بىر قۇلىنى سۆيسە، ئۇلۇغ زاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن تاللايدۇ. ئۇنى ئايال بىلەن ۋە بالا-چاقا بىلەن مەشغۇل قىلمايدۇ.**» ئالىملار بۇنى، بولۇپمۇ ھىجرەتنىڭ ئىككى يۈز يىلىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈندۇر دېيىشىدۇ. چۈنكى زەئىپ بولسىمۇ «ئىھيا، ئىمامى غەزالى 2:24»تە شۇ ھەدىس بار: «**ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن ئەڭ خەيرلىك بولغىنىڭلار ئايالى ۋە بالىسى بولماستىن، يۈكى يېنىك بولغىنىڭلاردۇر.**» بۇ ھەدىس بىلەن «**ئۆيلىنىڭلار،**

**كۆپىيگۈلار، مەن قىيامەتتە سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن ئىفتىخارلىنىمەن.»** دېگەن ھەدىس ئارىسىدا زىتلىق يوقتۇر. يەنى: ئۆيلىنىشكە ئەمىر قىلغان ھەدىس شەرتلىرى تولۇق بولۇپ، ئۆيلەنگەنلىك تۈپەيلى دىنى كۈرىشنى تەرك قىلمىغانلارغىدۇر. ئۈستىدىكى ھەدىس بولسا، شەرتلىرى يېتەرلىك بولمىغان ۋە ئۆيلىنىش سەۋەبلىك دىن يولىدا كۈرەش قىلىشنى تەرك قىلغانلارغىدۇر.(لەۋامىئۇل ئۇقۇل شەرھى173:1)

ئەمما شەرتسىزلا ئۆيلەنمەسلىك ئىسلامدا يوقتۇر. ھەدىسلەردە ئاساس ئۆيلىنىش تەرغىپ قىلىنغان، تەشۋىق قىلىنغان. بىراق بۇ ھەدىسلەرنى بىلگەن ئىمامى نەۋەۋى، ئىمامى شافىئى، جالالەددىنى سۇيۇتىدەك كۆپلىگەن ئۆلىمالار ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئۆيلىنىشتىن ئۈستۈن كۆرگەندۇر. پەيغەمبەرلەردىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالامدەك، بۈيۈك زاتلاردىن تابەرى، ۋە ئەھمەد بەدەۋىدەك ئۆلىمالار ئۆلەنمىگەنىدەك؛ ساھابىلەردىن ئەسھابى سۇففەدەك ئىلىم تالىپلىرى، ئىلىم ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئۆيلىنىشنى تەخىر قىلغان. نۇر تالىپلىرىدىمۇ مۇنداقلارنى ئاندا-ساندا ئۇچرىتىسىز. **«بەدىئۇززاماننىڭ جاۋابلىرى»** ناملىق كىتاپتىكى ئۇستازىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى جاۋابىنى ئوقۇڭ.

<u>سوئال: رىسالەئى نۇر ئىلھام بىلەن يېزىلغان دېگەن گەپچۇ؟ توغرىمۇ؟</u>

**جاۋاپ:** رىسالەئى نۇر كىتاپلىرىنىڭ ھەممە يېرى ئىلھام ئەسىرىدۇر دېيىش توغرا ئەمەس. بولۇپمۇ كونا سەئىدنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇئەللىفنىڭ ئەقلي ئىقتىدارى ئاساستۇر. ۋە يەنە خىزمەت دەستۇرلىرىغا ئائىت مەكتۇپلار بەلكىم بەزى قىسىملىرى ئىلھام بولىشى مۇمكىن. ئەمما «سۆزلەر»، «مەكتۇبات»، «لەمئالار»، «شۇئالار»، «مەسنەۋىئى نۇرىيە»... دېگەندەك ئەسەرلىرىدىكى ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ پەقەتلا ئىلھام شەكلىدە كەلگەنلىكىنى ئۇستازىمىز كىتاپتا تىلغا ئالىدۇ. بەزى خاتا پىكىرلىكلەر چوڭ زاتلارغا كېلىدىغان ئىلھامنى قوبۇل قىلمايدۇ. ياكى خاتا بولۇش

مۇمكىنچىلىكىنى دەپ يات قارايدۇ.

قۇرئاندا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا: **«ئۇنى ئەمگۈز. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەندىشە قىلساڭ ئۇنى دېڭىزغا قويۇۋەت، قورقما ۋە قايغۇرما. چۈنكى بىز ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىمىز، دەپ ۋەھيى قىلدۇق.»** (قەسەس:7) دېيىلگەن بولۇپ، تەپسىر ئالىملىرى ئايەتتىكى «ۋەھيى»نى ئىلھام مەنىسىدە قوللىنىلغان دەپ ئىزاھلايدۇ. **«ئۆز ۋاقتىدا ھاۋارىيۇنلارغا: ‹ماڭا ۋە رەسۇلۇمغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىلھام قىلغانىدىم. ئۇلارمۇ، ئىمان ئېيتتۇق، ھەققە تەسلىم بولغانلىقىمىزغا شاھىت بول!، دېيىشكەنىدى.»** (مائىدە:111) دېگەن ئايەتلەر ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە پەيغەمبەر بولمىغانلارغىمۇ ئىلھام قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىلھام ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلىش ھاماقەتلىكتۇر. بەزىلەر «شەيتاندىن كەلگەن ياكى شەيتان ئارىلاشقان ئىلھام بولىشىمۇ مۇمكىن» دېسە بىزمۇ دەيمىزكى: شەيتانغا ئىلھام قابىلىيىتىنى (يەنە دەسسەنى) بەرگەن ئاللاھ، ئۆز ئەۋلىيالىرىدىن بولغان پەيغەمبەر ۋارىسلىرىغا قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرى ئارقىلىق ئىلاھىي ئىلھام بىلەن شەيتانىي دەسسەنى پەرقلەندۈرگىدەك قابىلىيەت بەرمەسمۇ؟

<u>سوئال: رىسالەئى نۇر ھەقىقەتلىرىنى بەدىئۈززامان «ماڭا يازدۇدۇرۇلدى» دەيدىكەن. بۇمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئىتىراز شەكىللەندۈرىدىكەن؟</u>

جاۋاپ: ھەر ئىشنى ئۆز ئىقتىدارىدىن ياكى تەبىئەتتىن كۆرىدىغان پىكىرلەر ئاساسىدا يېتىشكەنلەر، شۇنداقلا ئىلھامنى قوبۇل قىلمىغانلار ئۇ خىل يۈكسەك تەۋھىد ھەقىقىتى ئاساسىدا سۆزلەنگەن سۆزلەرنى ئەلۋەتتە چۈشىنەلمەيدۇ. ئىلھامىي ھەقىقەتلەردەك ياخشىلىقلارنى ئاللاھتىن، يامانلىق ۋە گۇناھلىرىنى نەفسىدىن (ئۆزىدىن) دەپ بىلىش، ئىسلامىيەتتە ئاساستۇر. ئىلھامنىڭ نېمىلىكى، تۈرلىرى ۋە ۋەھيى بىلەن بولغان پەرقى دېگەندەك ھەقىقەتلەرنى «12-سۆز» ۋە «ئايەتۇل كۇبرا»

دىگەن تېمىلاردا چۈشەندۈرىدۇ.

سوئال: هازىرقى ئۆلىمالارنىڭ، بىر قىسمى هارام، بىر قىسمى مەكرۇھ دەۋاتقان تاماكىنى بەدىئۈززامان سەئىد نۇرسىنىڭ هالال كۆرگەنلىكى سۆزلىنىدىكەن. توغرىمۇ؟

جاۋاپ: مۇسۇلمان جامائەتچىلىكى بىلىشقا تېگىشلىك بىر ھەقىقەتكى، بىر نەرسىنىڭ هارام ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسا، هارام ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانغا قەدەر هالال سانىلىدۇ. تاماكا مىلادىي 15-ئەسىردىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئىسلام ئالىمدە تاماكىغا ئۇ زامانلاردا مۇباھ (هالال) دەپ پەتىۋا بېرىلگەن. چۈنكى ئۇ زامانلاردا بۇ زاماندىكىدەك مېدىتسىنا تەرەققى قىلمىغان بولغاچقا، تاماكىنىڭ زىيانلىرى بىلىنمىگەن ئىدى. شۇڭا بەزى چوڭ ئۆلىمالارنىڭمۇ چەككەنلىكى تارىخلاردا سۆزلىنىدۇ. تاماكىنى هالال دېيىش ئۇستازىمىزغا مەخسۇس ئىش ئەمەس. ھەقىقەتەن ئۇ زاماندىكى 4 مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ تاماكا ھەققىدىكى پەتىۋالىرىنى كىتاپلاردىن ئوقۇسىڭىز، بۇ زاماندىكى ئەقىل بىلەن كاللىدىن ئۆتكۈزۈش تەسكە توختايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئىمان ھەقىقەتلىرىنى ئىسپاتلاش ۋە يېيىش جەھەتتە، زامانىسىدىكى توسقۇنلارغا كۆكرەك كىرىپ جەڭ ئېلان قىلغان ۋە هازىرغا قەدەر ئاجايىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر كىشىگە، قۇسۇر ئىزدەش شەكلىدىلا مۇئامىلە قىلىپ، خەلقنىڭ پايدىلىنىش يولىنى توسۇپ زېھىن بۇلغىماي، بەلكى كىتاپلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئۈندىشى تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

سوئال: «هۆر ئادەم» فىلىمدە بەدىئۈززاماننىڭ چاشقانغا بىر نەرسە بەرگەنلىكىنى، ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى كۆردۈم، هالبۇكى ھەدىستە زىيانداش هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلىدۇ؟

جاۋاپ: بىرىنچىدىن، ئۇ فىلىم ئۇستازىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن جىق

يىراق. شۇڭا ئۇنى سۈئىللىرىمىز ئۈچۈن بەكمۇ ئاساس قىلىۋالمىغىنىمىز ياخشى.

ئىككىنچىدىن، ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئالەمدە مۇھىم رول ۋە فونكسىيەلىرى بار. زىياندىش دەپ ھەر مەخلۇقنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈش مەرھەمەت دىنى بولغان ئىسلامغا ئۇيغۇن ئەمەس. ھەدىستە دېيىلىۋاتقان ئۇ ئۆلتۈرۈش زىيان بېرىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندا ئاندىن ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. تىرمىزى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇتتا: «**كىلەنى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن 100 ساۋاپقا ئېرىشىدۇ، ئىككى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن ئۇنىڭدىن ئازراق ساۋاپقا، ئۈچ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ساۋاپقا ئېرىشىدۇ**» دەپ، ھايۋاننى قىينىماستىن ئۆلتۈرۈشنىڭ، شەپقەت كۆرسىتىشنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىلاھىي مەرھەمەتكە سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قۇربانلىق قىلغاندىمۇ قىينىماي ئىتتىك پىچاقتا بوغۇزلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھەتتا ئات ۋە تۆگىدەك مەخلۇقلارغا مۇنچىلىكتىن ئارتۇق يۈك يۈكلىمەسلىك دېگەنگە ئوخشاش شەرئىي ھۆكۈملىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭلا ئەمەس، ھايۋانلارنىڭمۇ ھايات ھوقۇقىنى بۇ قەدەر قوغدايدىغان بىر دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى بولغانلارنىڭ، زىيانلىق ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن مەخلۇقلارنى زىيان بەرمىگۈدەك شارائىتتا بولغان بولسا ئۆلتۈرمەسلىكى، ھەتتا قوغدىشى لازىملىقىنى ئالىملىرىمىز كىتاپلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىس ئاساسىدا يازغاندۇر.

<u>سوئال: رىسالەئى نۇر ياكى نۇرچىلار جىھادقا قانداق قارايدۇ؟</u>

**جاۋاپ:** يۇقىرىدىكى سىياسەت ھەققىدىكى بايانلار بىرئاز تەپەككۇر قىلىنسا، بۇ مەسىلىمۇ ئاسان ھەل بولىدۇ، دېگەن قاراشتىمەن.

جىھادنىڭ لۇغەت مەنىسى، كۈرەش قىلماق مەنىسىدە كېلىدۇ. بىلىنگىنىدەك، جىھاد ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىسى ھەدىستە چوڭ جىھاد دېيىلگەن نەفس بىلەن بولغان جىھاد. يەنە بىرى ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان جىھاد. بۇ ئىككىنچى

خىل جىھادنىڭمۇ ماددى ۋە مەنىۋىسى بار. بىر قۇلنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، جەمىيىتىگە ۋە دۆلىتىگە قارىتا ئاللاھ تەلەپ قىلىدىغان خىلمۇ-خىل مەسئۇلىيىتى بار. جىھاد ۋەزىپىسىمۇ ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئادا قىلمىسا جاۋابكار بولىدۇ.

ماددى جىھادنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى ۋە باشقۇرۇلىشى دۆلەتنىڭ قولى ئارقىلىق بولىدۇ. شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلار ئۆز ئالدىغا بۇ خىل جىھاد قىلسا، گۇناھى ئېغىردۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ(س.ئە.ۋ) جىھاد ۋە مۇجاھىتلەرگە ئائىت ھەدىسلىرى شەخسلەرنى ئايرىم جىھادقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەمەس، دۆلەتنىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا جەڭگە قاتنىشىدىغانلارغا ئائىتتۇر. قانداق ۋاقىتتا ماددى جىھاد قىلىنىدىغانلىقىنىڭ، قۇرئان ۋە ھەدىستىن پايدىلىنىپ تەپسىلىيرەك توختىلىپ چۈشەندۈرگەن بىر ماتېرىيالدا ئۇن نەچچە سەۋەبىنى كۆردۈم. (بۇ يەردە توختالماقچى بولغىنىمىز بۇ ئەمەس.) بىر زاماندا ماددى ۋە ئەسكەريي قۇۋۋەت ھاكىم بولغان بولسا، جىھادنىڭ ۋاستىسى بولغان قۇرال ۋە قۇۋۋەتلەر ئەھمىيەت قازىنىدۇ. ئەگەر پىكىر، دەلىللەش ۋە پەن ھاكىم بولغان بولسا، ئىلىم ۋە ئىسبات مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئېتىقادى بويىچە، ئىسلام دۆلىتى بولمىسا ماددى جىھاد مەنىۋى جىھادقا ئۆزگۈرىدۇ. ئىلىم ۋە تەبلىغ ئاساس بولىدۇ. مەككە دەۋرىدە مەنىۋى جىھاد قىلىناتتى. زۇلۇملارغا قارىتا سەۋر قىلىش ئاساستى. ئايەتتە پەيغەمبىرىمىزگە (س.ئە.ۋ) سەۋرچانلىق تەۋسىيە قىلىنغىنىدەك، پەيغەمبىرىمىزمۇ (س.ئە.ۋ) ساھابىلەرنى سەۋرچانلىققا ئۈندەيتتى، ساھابىلەرمۇ بۇ تەۋسىيەلەرگە ھەرپمۇ-ھەرپ بويسۇنۇپ، مۇشرىكلاردىن سادىر بولغان قاتتىقلىقلارغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. يەنى مەككە دەۋرىدە سوقۇشۇش پەرز ئەمەس ئىدى، ئەمما جىھادقا ئەمىر قىلىنغانىدى. جىھادقا ئۈندەش ھەققىدىكى ئەنكەبۇت سۈرىسىدىكى 29-ئايەت ۋە نەھل سۈرىسىدىكى 110-ئايەت

ھەر ئىككىسى مەككىدە نازىل بولغان. پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابەئى كىراملار بۇ دەۋىردە يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن سوقۇشۇش ئەمەس، دائىمىي ھالدا پەقەتلا مەنىۋى جىھاد قىلغان. بەزىلەرنىڭ سەۋرگە ئۈندىگەن ئايەتلەر كېيىن جىھاد ئايەتلىرى بىلەن ئەمەلدىن قالغان دېگەنلەرنىڭ بۇ ئىدىيىلىرى خاتادۇر. چۈنكى *شەرت-شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشى نەسىھ (ئەمەلدىن قېلىش) ئەمەستۇر. (سۇيۇتىي2: 703-704)*

دېمەك جىھاد ۋە سوقۇشۇش ھەر ۋاقىت ئوخشاش مەنىدە كېلىۋەرمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىزگە قىلىنغان «**كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىل**»(تەھرىم:9؛ تەۋبە:73) دېگەن ئىلاھىي ئەمىر بۇ ھۆكۈمگە دەلىلدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز كاپىرلار بىلەن سوقۇشقاندۇر، ئەمما مۇناپىقلارغا (ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇقلۇق) قىلىچ كۆتۈرمىگەندۇر، بەلكى «پىكرىي شەكىلدە قانائەتلەندۈرۈش، چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىش، ھەددىدىن ئاشقان ۋاقىتلىرىدا شەرئىي جازا بېرىش» بىلەن جىھاد قىلغاندۇر.

بۇ زاماندا ماددى جىھاد مەسىلىسىدە خاتا قاراشلار ۋە سۇيىئىستىماللار ناھايىتى كۆپ. بەزىلەر ماددى جىھادنى ھاجەتسىز كۆرۈپ ئىنكار قىلىپ، ھەتتا خەۋەرسىز ياشاپ ھەق يولدىن ئېزىپ يۈرۈشسە، بەزىلەر شەخسلەرنىڭ قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرۈشلىرىنىمۇ «جىھاد» دەپ، بۇ خىل زۇلۇمنى مەقبۇل كۆرىشىۋاتىدۇ. زۇلۇمغا رازىلىقنىڭ زۇلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەيۋاتىدۇ.

جىھاد پەقەتلا جەڭ قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. قورال بىلەن جەڭ قىلىشتىن باشقا، ئاللاھ يولىدا قۇرئان ۋە ئىمان ئىلمى بىلەن، سۆز، ھەرىكەت، جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن دىن ئۈچۈن تىرىشىش دېگەندەك كۆپلىگەن ئۇسۇللار بىلەنمۇ جىھاد قىلىنىدۇ.

**«پىتنە تۈگەپ، ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ۋاز كەچسە سىلەرمۇ ۋاز كېچىڭلار. زالىملاردىن باشقىسىغا دۈشمەنلىك يوقتۇر.»**

(بەقەرە:193) ئايىتىدىكى «پىتنە» مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادەت جەھەتتە ئەركىن بولالماسلىقىدۇر. بۇ يەردە دىننى يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دىنىي ئەركىنلىكنى ساقلاش ئۈچۈن جىھاد قىلىنىدىغانلىقىغا دىققەت تارتىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئەسلىدىنلا كۈچلۈكتۇر. يېيىلىشى ئۈچۈن سوقۇشقا ئېھتىياجى يوقتۇر. دىنىمىز توسقۇنلۇقلار بولمىسا تىنچلىق ۋە ۋە ئەركىنلىك مۇھىتىدا ئاسانلا قەلبكە كىرىش ئۈچۈن يول تاپالايدۇ. دىندا زورلاش يوقتۇر، دىن قايىل قىلىش ۋە سەمىمىيەتكە تايىنىدۇ. بېسىم قارشىسىدا قوبۇل قىلدۇرۇلغان دىندا ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بولمىغىنىدەك، ھەتتا كاپىر كىشى مۇناپىق دەرىجىسىگە چۈشىدۇ. دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ تەتبىق قىلىنىشىغا ئاجىزلىق كۆرسىتىدىغان كۆپ سانلىقنى ئىگەللىگەن مۇسۇلمانلارغىمۇ پەقەتلا ھۆكۈم ھۆكۈمدۇر دەپ دىكتاتۇرا قوللىنىلسا، ئۇلارنى دىن دۈشمىنى ۋە مۇناپىق قىلىپ قويۇش ئېھتىمالىمۇ بار. مەككەنىڭ فەتھى كۈنىدە پەيغەمبىرىمىز كاپىرلارغا **«بۈگۈن سىلەر ئەركىنسىلەر»** دەپ ئىمانغا زورلىمىغاندۇر. ھەزرىتى ئۆمەر(ر.ئە) پەلەستىنىنىڭ خرىستىئان ئاھالىرىگە ئامانلىق بەرگىنىدە، ئۇلارنىڭ دىننى ئالماشتۇرۇش مەجبۇرىيىتىدە ئەمەسلىكىنى ئىپادە قىلغاندۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ (س.ئە.ۋ) نەجرانلىقلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىدە: **«نەجرانلىقلار ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن ماللىرى، دىن ۋە جامائەتلىرى، چېركاۋلىرى ۋە ئىگىدارچىلىقىدىكى باشقا نەرسىلەر بويىچە ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇھەممەدنىڭ قوغدىشى باردۇر»** (ئەبۇ يۇسۇف،72-91؛ 106،107-بەت) دېيىلگەندۇر.

قۇرئان ئىنسانلارنى «**تىنچلىق**»قا چاقىرىدۇ. **«سۈلھى خەيردۇر»** (نىسا سۈرىسى: 128). دەپ ئىپادە قىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن گۈزەل ۋە ياخشى بولغاننى خالاشنى ئۆگىتىدۇ. گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقنىڭ دۈشمىنى بولغان شەيتانلارغا بولسا قەتئىي بويسۇنماسلىقنى تەۋسىيە ۋە ئەمر قىلىدۇ. تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى

بۇزغان پىتنىلىك ئامىللارغا قارشى دىققەتلىك ۋە سەزگۈر بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ «سۆزىدىمۇ، ئۆزىدىمۇ» سادىق بولىشىنى ئەمىر قىلىدۇ. بارلىق ئەمىرلىرى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتنىڭ ئاساس دەستۇرلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلامدا تەبلىغ ئاساس بولۇپ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بولغان تەبلىغ ئۈچۈن تىنچ مۇھىت لازىم بولغىنىدەك، تەبلىغ ۋە دەۋەتتە قارشى تەرەپكە شەپقەت بىلەن ئەمەس، دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراش مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىققا سەۋەب بولىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلماستىن ھېچبىر قەۋم بىلەن جەڭ قىلمىغاندۇر. ھەدىستە: **«دۈشمەن بىلەن قارشىلىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئاللاھتىن ئامانلىق تىلەڭلار. ئۇلار بىلەن قارشىلاشقان ۋاقتىڭلاردا سەۋر قىلىڭلار. بىلىڭلاركى جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر»** دېگەندۇر.

قۇرئاندىمۇ دېيىلىدۇكى: **«سىلەرگە جەڭ ئاچقانلار بىلەن، ئاللاھ يولىدا، سىلەرمۇ سوقۇشۇڭلار. بىراق ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»** (بەقەرە:190) دېمەك جەڭ ئاچمىغانلارغا چېقىلماسلىق ئاساستۇر. ئايەتلەر بىزگە «دىنىگە قارشىلار» بىلەن ئەمەس، بەلكى «قارشى چىققانلار ئىچىدىكى جەڭ ئاچقانلار» بىلەن سوقۇشۇشنى ئەمىر قىلىۋاتىدۇ.

**«ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر.»**(تەۋبە:6)

پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) باشقا دىندىكىلەرگە چەتكە قېقىش، ھاقارەت

مۇئامىلىلىرىنى قىلمىغانلىقىنى ئۇنىڭ مەدىنە ھاياتىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. قۇرئاندىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ: **«مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ...»**(ئەنئام:108)

رىسالەئى نۇر «7-لەمئا»دا دېيىلگىنىدەك، «ھۇدەيبىيە كېلىشىمى» گەرچە سىرتقى جەھەتتىن ئىسلامنىڭ شەرىپىگە زىت ھالدا تۈزۈلدى، ماددى قىلىچ ۋاقىتلىق غىلىپىغا قويۇلدى. ئەمما قۇرئاننىڭ ئالماس قىلىچى چىقتى، قەلب ۋە ئەقىللەرنى فەتھى قىلىشقا باشلىدى، بۇ كېلىشىم زامانىدا باردى-كەلدى مۇناسىۋەتلەر ۋە سۆھبەتلەر بىلەن قۇرئان ئەخلاقىنىڭ ساھابىلەردىكى جىلۋىسىنى كۆرۈش نەتىجىسىدە ماددى كۈچ ئارقىلىق تەسلىم بولغۇسى كەلمىگەنلەر، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قىلىشنى ئار كۆرگەنلەرمۇ مۇسۇلمان بولۇشتى. بۇ كېلىشىمدىن مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىغا قەدەر بولغان ئىككى يىل ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانىدىن كۆپتۇر. شۇنداقلا تەتقىق قىلىنىشىچە، 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنىڭ تەخمىنەن بىر يېرىم يىلى ماددى جىھاد بىلەن ئۆتكەن بولسا، قالغان قىسمى مەنىۋى جىھاد بىلەن ئۆتكەن، ھەمدە ئۇ بىر يېرىم يىللىق ماددى جىھادتا ئۆلۈپ شېھىد بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۆلگەن كاپىرنىڭ سانىدىن كۆپ. بەزى ئالىملار فەتىھ سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى **«بىز ساڭا ئوپئوچۇق بىر فەتىھ يولى ئاچتۇق»** دېگەن ئايەت ۋە باشقا ئىشارەتلەرگە تايىنىپ ئىسلامدا ئەڭ ئۈستۈن زەپەرنىڭ مەنىۋى ساھەدە بولىدىغانلىق نەتىجىسىگە بارغاندۇر.

ئىسلامىيەت تىنچلىق دىنىدۇر، ئەرەپچىدە «سالام» (تىنچلىق) ۋە «ئىسلام» تومۇرداش سۆزلەردۇر. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرىمۇ «سالام»دۇر.

جەننەتنىڭ بىر ئىسمىمۇ «دارۇسسالام»دۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندىكى سۆزلىرىمۇ «ئەسسالام»دۇر، (ۋە «تىنچلىقمۇ؟»دۇر). **«مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) گەپ قىلسا ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق (سالام) تىلەيمىز› دەيدۇ.»** (فۇرقان:63)؛ ھەر تەشەھھۇدتا ئاللاھقا: **«بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ قۇللىرىغا سالام بولسۇن»** دەپ دۇئا قىلىمىز. بۇ قەدەر تىنچلىق ۋە سالامەتنى تەلەپ قىلىدىغان بىر دىنىنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە تىنچلىقنى ئاساس تۇتۇشى ناھايىتى تەبىئىيدۇر. شۇڭا جانابى ئاللاھ كۆپلىگەن يەردە تىنچلىققا يۈزلىنىشنى ئەمىر قىلىدۇ. ھەمدە سوقۇشنى ئاخىرقى چارە قاتارىدا كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەمىرلەردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

**«ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تىنچلىق(سۈلھى) تەكلىپ قىلسا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ.»** (نىسا:90)؛ **«سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ.»** (مۇمتەھىنە:8)

**«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (سوقۇشۇشقا) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر.»** (ھەج:39) سوقۇشۇش ھەققىدە چۈشكەن ئەڭ بىرىنچى ئايەت بولغان بۇ جۈملىدىكى «سوقۇشۇشقا **رۇخسەت بېرىلگەنلىك**» ئىبارىسى بولسا، سوقۇشقا ئۇندەش مەنىسىدە ئەمەسلىكىنى، سوقۇشنىڭ ئاساسلىق مەقسەتمۇ ئەمەسلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

**«سىلەر بىلەن سوقۇشقانلار بىلەن ئاللاھ يولىدا سىلەرمۇ سوقۇشۇڭلار. بىراق ھەقسىز ھالدا ھۇجۇم قىلماڭلار.»**(بەقەرە:190)

خەيبەر يەھۇدىلىرى مۇسۇلمانلارغا ھەر قانداق ئاھانەتلەرنى قىلغانىدى. مۇشۇنداق بىر پىتنە ماكانىنى قولغا ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتىمۇ، پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) بايراقنى ھەزرىتى ئەلىيگە بېرىپ: «**ئالدىراقسانلىق قىلما! شۇنى ياخشى بىلكى، بىر ئىنساننىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئىمانغا كېلىشى چۆللەر تولغىدەك قىزىل تۆگىلەردىن تېخىمۇ خەيرلىكتۇر**»(بۇخارى، جىھاد:103) دېگەنىدى. بۇ سۆز ئىسلامنىڭ تولىمۇ پاك بولغان يۈكسەك مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ.

زۇبەير ئىبنى ئەدىي (رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ) شۇنداق دېگەن: ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) يېنىغا بېرىپ ھەججاجى زالىمنىڭ زۇلۇملىرىنى شىكايەت قىلغانىدۇق. ئەنەس(ر.ئە) دېدى: «**سەبىر قىلىڭلار، چۈنكى شۇنداق كۈنلەرنى كۆرىسلەركى، ھەر يېڭى كۈن ئۆتكەن كۈندىن تېخىمۇ يامان بولىدۇ. بۇ ھال رەببىڭلار بىلەن ئۇچراشقۇچە داۋاملىشىدۇ. مەن بۇنى رەسۇلۇللاھتىن (س.ئە.ۋ) ئاڭلىغان.**» (بۇخارى، فىتەن:6)

مۆئمىنلەر ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردە ھېكمەتلىك ئىش قىلىشى لازىم. دۈشمەنلىك ئورنىغا مۇھەببەت باغلىرىنىڭ قۇرۇلىشى؛ غەزەپ، ئىنتىقام ئورنىغا يۇمشاقلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن؛ يامانلىق ئورنىغا ياخشىلىقنى؛ بېخىللىق ئورنىغا مەرتلىكنى؛ ئاداۋەت ئورنىغا، سەمىمىيلىكنى، شەپقەتنى، ياردەملىشىشنى ۋە كەچۈرۈشنى ئاساس تۇتىشى لازىم.

پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) مەدىنىدە مۇشرىكلەرنى ئۆيىدە مېھمان قىلغان، يەھۇدىيلار كېسەل بولغاندا زىيارەت قىلغان. جىنازىلىرى ئۆتكەن بولسا ئورنىدىن تۇرغان. نەجراندىن كەلگەن خرىستىئانلارنى مەسجىتكە قوبۇل قىلغان ۋە بۇ يەردە

دىنى ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن. (م.شىبلى، ئەسرى سائادەت<2>955-960. ئۆلۇداغ، ئىسلامدا ئىرشاد:176)

بەدىئۈززامان ھەزرەتلىرى دەيدۇكى: «**ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ دىنىنى بويىچە دىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن كۆرسىتەلىسەك، باشقا دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى توپ-توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىدۇ.**» ھەقىقەتەن بۇ زاماندىكىدەك ھەر نەرسە ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ تارقىلىشىغا يول ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىۋاتقان، كىشىلەر پەن ۋە دەلىل-پاكىت بىلەن مەشغۇل بولغان، ھەر تەرەپتە قۇرئاننىڭ ئابى ھاياتىغا دەھشەتلىك ئېھتىياج ھېس قىلىنىۋاتقان پەيتتە، قۇۋۋەتلىك دەلىللەر بىلەن ئەقىل ۋە قەلبىمىزنى بىزەپ، تىلىمىز قۇرئان ئوقۇغىنىدەك، ھەرىكىتىمىز بىلەنمۇ قۇرئان ئوقۇيالىساق، ئىسلامنىڭ جاھالەت، «سوقۇش»پەرۋەرلىك، ياۋايىلىق ۋە شىددەت (قاتتىق قوللۇق) دىنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت دىنى، شەپقەت دىنى، پەزىلەت دىنى، مۇھەببەت دىنى، ئادالەت دىنى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن باشقىلار، ئەسلىدە ئىسلامنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقتىن ئاداۋەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىسلامغا تەسلىم بولىدىغانلىقىنى نۇرغۇن پاكىت ۋە ئىشارەتلەردىن كۆرىۋاتىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى تەبلىغ قىلىش ھەم پۈتۈن ئىنسانىيەت، ھەم ئىسلامىيەت كۈتىۋاتقان ئىش دەپ، بىز رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرى ھەم فىقھي ئىلىملەرنىڭ، ھەم ماددى-مەنىۋى جىھادنىڭ، ھەم ئىككى دۇنيا سائادىتىنىڭ، ھەم قەلبىي، ئەقلىي، روھىي، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋىي بەخت-سائادەتلەرنىڭ ئۇلى بولغان «**ئىمان**»نى قۇتقۇزۇش ۋە قۇۋۋەتلەشنى ئاساس نىشان قىلغانلارمىز. ئۇستازىمىزنىڭ دېگىنىدەك: «**ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپقا سەۋەپ بولغان ئۇششاق مەسىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ ئورتاق**

**ئېھتىياجى بولغان ئىمان مەسىلىلىرى ئۈچۈن ھاياتىمنى بېغىشلىدىم»** دەپ ھاياتىمىزغا مەنە بېرىپ كىتىۋاتىمىز. بولمىسا رىسالەئى نۇردىن ئىمان دەرسى ئالغان بىرىسى بىر نەرسىلەردىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل يولنى قوللىماي، قارشى چىققانلارنىڭ نېمىگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە چۆچىتىدۇ. ھەمدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسىرىگەن، پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) دەھشىتىنى خەۋەر بەرگەن ۋە ساھابىلەرنى يىغلاتقان ئاخىرزامان پىتنىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى بۇ خىل تەسىرلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ، قەلبى ئويغاقلارنى يىغلىتىدۇ.

ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى ۋە ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى دېگەندەك «ئاساسلار»نىڭ چۈشىنىلىشى ھەققىدە نىھايەت دەرىجىدە كۆچلۈك ئېھتىياجنى ئەتراپىمىزدىكى مۇسۇلمانلاردىن كۆپلەپ كۆرىۋاتقان بىزلەر، خۇددى ئۇ ئاساسلارنىڭمۇ ئاساسى دەپ تونىغاندەك، ئاۋاملارغا جىھادنى كۆپ تەۋسىيە قىلىشنىڭ، كۆپلىگەن سۇيىئىستىماللارغا، تىنچسىزلىقلارغا، ئېغىر گۇناھلارغا ۋە مىللىي سىياسەتپەرەستلىكلەرگە، ھەتتا ئېخىمۇ چوڭ مەھرۇمىيەتلەرگە قالدۇرىدىغانلىقىنى ئەقىللىق بىر مۇسۇلمان ئويلاپ يېتەلەيدىغان بىر مەسىلە دەپ قارايمىز.

ھەدىسلەرنى ئۆز ھەۋىسىگە قارىتا تەپسىرلەيدىغان جاسارەتلىكلەردىن بولماسلىقىمىز لازىم. ھەقىقەتەن جىھادنىڭ پەزىلىتى ئۈستۈن. ئەمما پەزىلىتى ئۈستۈن بولغان، ھەدىستە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ئەمەللەرمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن شۇ ھەدىس: ئەبۇ دەردا (ر.ئە) رىۋايەت قىلىدۇكى: **پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) شۇنداق دېدى: «سىلەرگە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ خەيرلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئىندىدە ساۋابى ئەڭ كۆپ بولغان، ئەڭ ساپ بولغان، دەرىجىلىرىڭلارنى ئەڭ كۆپ ئۆرلىتىدىغان، سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن-كۆمۈش سەدىقە بېرىشتىن ئېخىمۇ خەيرلىك، دۈشمەن بىلەن قارشى-قارشىغا**

**كېلىپ سلەرنىڭ ئۆلارنىڭ بوينىغا چېپىشگلاردىن، ئۆلارنىڭمۇ سلەرنى شېھىت قىلىشىدىن تېخىمۇ كۆپ ساۋاپ قازاندۇرىدىغان بىر ئىشنىڭ نېمىلىكىنى سلەرگە خەۋەر بېرەيمۇ؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «قېنى ئېيتىڭ.» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ (س.ئە.ۋ): «ئاللاھنى ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئەسلەپ تۇرىدىغان بىر شەكىلدە ھايات كەچۈرمەكتۇر.» دېدى.** (تىرمىزى، دەئەۋات:6) ھەدىستە دېيىلگەن بۇ يۈكسەك مەرتېۋىگە رىسالەئى نۇر نى ئوقۇش ئارقىلىق ناھايىتى تېز چىققىلى بولىدىغانلىقىغا يۈزمىڭلارچە نۇر تالىپلىرى ئەمەلىي ئەھۋاللىرى بىلەن شاھىتلىق قىلىدۇ.

<u>سوئال: ھىجرەت قىلىش پەرز ئەمەسمۇ؟</u>

جاۋاپ: «كۈنىمىز مەسىلىلىرى ئۈچۈن پەتىۋالار» (تۈركچە2:296) ناملىق كىتاپتا بۇ ھەقتە كۆپۈر دىيارىنى تۆتكە بۆلۈپ شۇنداق دېيىلگەن:

بىرىنچى: ئىسلامىي ھاياتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مۇمكىن بولمىغان يەر. مۇنداق يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ قېلىپ يەرلىشىشى جائىز ئەمەستۇر. قانداق قىلىپ بولسا ھىجرەت قىلىشى شەرتتۇر.

ئىككىنچى: ئىچىدە مۇسۇلمانچە ياشاپ كاپىرلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولغان يەر. مۇنداق بىر يەردە يەرلىشىپ قېلىش ۋە ئىسلامنى قوۋۋەتلەندۈرۈش پەرزدۇر. بۇ يەردىن ھىجرەت قىلغان كىشى ئاللاھ نەزىرىدە مەسئۇلدۇر. چۈنكى بىلىپ تۇرۇپ، خالاپ تۇرۇپ ئىسلامنىڭ بىر پارچىسىنى كۆپۈر ئەھلىگە تاشلاپ بېرىش چوڭ بىر خىيانەتتۇر.

ئۈچىنچى: ئىچىدە ئىسلامىي ھايات مۇمكىن بولسىمۇ، ئىسلامنىڭ يېيىلىشى مۇمكىن بولمىغان ۋە ئۇ يەردە قالسا ئىسلام ئۈچۈن پايدا بولمىغان يەر. مۇنداق يەردە قېلىش جائىز بولسىمۇ، ھىجرەت قىلىش تېخىمۇ ياخشىدۇر.

تۆتىنچى: ئىچىدە ئىسلامىي ھايات مۇمكىن بولۇش بىلەن بىللە دىنىنىڭ

يېيىلىشى ۋە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان يەر. بۇنداق بىر يەردە قېلىش كېرەكتۇر.(قۇرراتۇلئەين:206)

سوئال: رىسالەئى نۇر ۋە سائىد نۇرسىدا چاتاق يوق ئىكەن، نۇر شاگىرتلىرى ئېزىپ كېتىپتىكەن، دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم؟

جاۋاپ: رىسالەئى نۇرنى تولۇق ئوقۇغان ئادەم رىسالەئى نۇر ۋە سائىد نۇرسىدا چاتاق يوق ئىكەن، دەپ تۇرۇقلۇق، نۇر شاگىرتلىرىنى ئېزىپ كېتىپتۇ دېيەلمەيدۇ. ئۇ گەپلەرنى دېگەنلەر يا كىتاپنى ئوقۇمىغانلاردۇر، يا غەرەزلىك ھالدا چوقۇم كەمچىلىك ئىزدەش كويىدا بولغانلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قانداق مەسىلەكتە نائەھىل بولغانلار ئۇچراپ قىلىشى مۇمكىن. نائەھىللەرنىڭ پىكرىنى دەپ ئومۇميۈزلۈك چەتكە قېقىش ئىنساپسىزلىقتۇر.

سوئال: رىسالەئى نۇردىكى بارلىق ھەدىسلەر سەھىھ ھەدىس قاتارىغا كىرەمدۇ؟

جاۋاپ: سەھىھ ھەدىسلا ئەمەس، ھەسەن ھەدىسمۇ قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. ھەمدە سەھىھ ھەدىسلەر پەقەتلا بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ياكى «كۇتۇبى سىتتە»گە چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىش لازىم. ھەتتا زەئىپ ھەدىسمۇ ھەدىستۇر. پەقەتلا دەرىجىسى ھەسەن ھەدىس دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ ئەمەللەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بايان قىلىنىشىنىڭ ۋە پايدىلىنىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى ۋە «زەئىپ»لىكىنى ئەسكەرتىشنىڭمۇ شەرت ئەمەسلىكى ھەققىدە ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى بىردەك پىكىردىدۇر. رىسالەئى نۇردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەدىسلەر سەھىھ ھەدىستۇر. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە زەئىپ ھەدىستىنمۇ بىر قانچىسى بار ئىكەن. بۇ تېما ھەققىدە ۋە ئەھلى سۈننەتتىكى 4 مەزھەپ مەسىلىسى بويىچە **«ھەدىس ئىلمى ۋە مەزھەپ توغرىسىدا»** ناملىق كىتاپچىغا قارىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سوئال: قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھەرپلەرنىڭ سانى ھەققىدە بەدىئۇززامانىنىڭ بەرگەن سانىنى بەزىلەر توغرا كۆرمەيدىكەن، شۇنداقمۇ؟

جاۋاپ: شۇنداق، قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھەرپلەرنىڭ سانى ھەققىدە ئىسلامنىڭ ئومۇم خەلق قوبۇل قىلىدىغان مۆتىۋەر ئۆلىمالىرى ئارىسىدىمۇ خىلمۇ-خىل پىكىرلەر بولۇپ كەلگەن. پەرقلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش پەقەتلا ئۇستازىمىزغا مەخسۇس ئىش ئەمەس. ئايەتلەرنىڭ ئايرىلىشى بويىچە، بىر ئايەتنى بەزىلەرنىڭ ئىككى دەپ چۈشىنىشى، «بىسمىللاھ»نىڭ سانىلىپ-سانالماسلىقى دېگەندەك رىۋايەتلەرنىڭ خىلمۇ-خىل بولىشى؛ ھەرپلەر بويىچە بولسا، مەد ھەرپلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل سانىلىشى (مەسىلەن، بەزى كىتاپلاردا ئەلىف(«ا»)نى تىك زەبەر بىلەن ئىپادە قىلغىنىدەك) دېگەندەك ھەر خىل سەۋەپلەر ئومۇمىي سانىنىڭمۇ ھەر خىل بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىشى مۇمكىن. قۇرئاننىڭ نازىل بولغاندىن باشلاپ ھېچبىر ئۆزگۈرۈش بولماستىن بۇ زامانغا قەدەر كېلىشىمۇ بىر مۆجىزىدۇر. يۇقىرىقىدەك سان جەھەتتىكى **تەفەررۇئات (ئۇششاق، شاخچە) مەسىلىلىرىدىكى خىلمۇ-خىللىقلارنى ئۇ قەدەر دىققەت نەزەرگە ئېلىۋالماسلىق، ھەقىقەتلەردىن پايدىلىنىشقا پەردە بولماسلىق مۇسۇلمان دەردىنى دەرت قىلغانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.**

سوئال: رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلار قانداق كىشىلەر؟

جاۋاپ: رىسالەئى نۇرنى «كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇغۇسى ۋە تېخىمۇ ياخشى تونۇغۇسى، تونۇتقۇسى كەلگەنلەر؛

ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تەپسىلىي شەكىلدە بىلگۈسى كېلىدىغانلار؛

قۇرئان مۇقەددەس بولسا قانداق مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبىرىمىز(س.ئە.ۋ)نىڭ ئەگىشىلىدىغان قانداق بىر ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى دەلىللىرى بىلەن چۈشىنىشنى خالايدىغانلار؛

ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بويىچە ئەقلى ۋە قەلبى قانائەت تېپىپ راھەتلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ ھاياتىغا تەتبىقلىغۇسى كېلىدىغانلار؛

دۇنيانىڭ فانىيلىقىنى دەل بىلىپ ئاخىرەتنى ھاياتىدا ئاساس قىلىپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار؛

دۇنيادىمۇ بەختلىك بولۇشنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ئىمانغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشنى، چۈشەندۈرۈشنى خالايدىغانلار؛

بالا-مۇسىبەت ۋە دۇنياۋى قىيىنچىلىقلارنىڭ بېسىمىنى بېسىم دەپ ھېس قىلماسلىقنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىلاھىي ھىكمەتلەرنى قۇرئانىي نەزەر بىلەن كۆرەلەيدىغان بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلار؛

ناماز ۋە ئىبادەتلەرنىڭ بېسىم بېرىدىغان ئەمەس، ھوزۇرلۇق ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ۋە قىلىشنى خالىغانلار؛

نەپسنى ۋە شەيتاننى ئەڭ ئاسان يول بىلەن قەلىپ ۋە ئەقلگە بويسۇندۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىگەنلەر؛

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ئائىلىۋي ھاياتنى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈشنى خالىغانلار؛

بۇ زاماندا ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يۈكسەك، كىشىلەر ئەڭ مۇھتاج بولغان خىزمەت (جىھاد) بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئارزۇلىغانلار؛

ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن زىرىكىش ئەمەس، بەلكى نۇرلۇق ئەقىل ئاساسىدا قىزغىنلىق ۋە ھوزۇر بىلەن ياشاشنى، ياشىتىشنى تىلىگەنلەر؛

ئۇرۇق-تۇققان ۋە باشقىلارنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىسكەن دەپ شەپقەتى سەۋەبلىك قىينىلىدىغانلار؛

شەپقەت ۋە مۇھەببەت ھېسلىرىنى قانداق پايدىلىنىش بويىچە رەھبەرگە

ئېھتىياجى بولغانلار؛

ھەر نەرسىنىڭ ئاللاھنى قانداق زىكىر قىلىدىغانلىقى ۋە ئاللاھنى كۆرسىتىدىغان قانداق ئەينەك ئىكەنلىكىنى، مەۋجۇداتنىڭ بىكارغىلا يارىتىلمىغانلىقىنى يۈكسەك شەكىلدە بىلىشنى خالىغانلار؛

زاماننىڭ پىتنىلىرىدىن ئۇزاق بولۇپ، ئۈنۈملۈك، مۇۋازىنەتلىك ۋە مۇستەقىم بىر مۇسۇلمان ھاياتى كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلغانلار؛

قىسقىسى ئەقلى نۇر، قەلبى نۇر، روھى نۇر، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىيتى نۇر بولغان بىر ساھابە ھاياتىغا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ ھاياتىنى يېقىنلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانلار» ئوقۇيدۇ.

<u>سوئال: بىز تۈركىيەدە دىنىنىڭ ناھايىتى گۈزەل ھاۋاسىنى كۆردۇق. ئۇيغۇرلاردا تۈركنىڭ يامان كىنولىرىنى كۆپ كۆرگەن بەزىلەر بولسا تۈركىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق بويىچە ياۋرۇپادەكلا ئىكەنلىكىنى دەيدىكەن. ئۇلارغا تۈركىيەدىكى دىنىي خىزمەتلەرنى دېسە ئۇ قالايمىقان كىنولار سەۋەبلىك ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ھەقىقەتەن ھەيرانمەن، نېمە ئۈچۈن تۈركىيەدە بۇ قەدەر پەرقلىق مۇھىت شەكىللىنىپ قالغاندۇ؟</u>

جاۋاپ: مەن تۈركچىمۇ ئەمەس، تۈركىيەچىمۇ ئەمەس. بىراق تۈركىيەدىكى دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ياخشىلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ياشلىرىغا قارىسىمۇ پىكرى ئايدىڭ، قەلبى نۇرلۇق ياشلار ناھايىتى كۆپ. بىر مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ياشلىرىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ياۋرۇپا ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تەسىرىدە مەنپىي ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمتىھان ئۈچۈن پىرئەۋن بولغىنىدەك، تۈركىيەنىڭمۇ گۈزەل ۋە مۇسبەت مۇھىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شەيتانىي بولغان مەنپىي جەريانلار لازىم

بولسا كېرەك. بۇ يەردە كىم نېمە ئىزدىسە بار بولغانلىقتىن، بىزنىڭ مىللەتتىن تۈركىيەگە كەلگەنلەرمۇ ئۆز قاياشى بويىچە مۇھىت ئىزدەپ ئۆزىگە لايىق دوست ۋە دائىرە تېپىۋاتىدۇ. ئاللاھ ئازغۇنلاردىن، پىتنىلەردىن يىراق قىلسۇن. يۇرتتىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ ئىنساپ ۋە تەۋپىق ئاتا قىلسۇن. ئاللاھ ئەھلى ئىسلامنى ئېزىز ئەيلىسۇن. پۈتۈن دۇنيا-ئاخىرەتلىك پەرىشانلىقلاردىن، ماددى-مەنىۋى مۇسىبەتلەردىن يىراق قىلسۇن. ئىستىقامەتلىك ئەقىدە نېسىپ قىلىپ ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتمەن قىلسۇن.

«رىسالەئى نۇر» ۋە بەدىئۈززامان ھەزرەتلىرى ھەققىدە ھەر قانداق سوئالىڭىز بولسا، **«بەدىئۈززاماننىڭ جاۋابلىرى»** ناملىق كىتاپنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىش بىلەن بىللە، تۈركچە بولغان «sorularlarisale.com»، «sorularlaislamiyet.com» دېگەن تور بەتلەرنى زىيارەت قىلسىڭىز ۋە سورىسىڭىز، ھەر قانداق ئېتىرازلار ۋە گۇمانلارنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلالايسىز. «sorularlarisale.com»دا قۇرئان ھەدىستىن پايدىلىنىپ «نۇر» ئېتىرازچىلىرىنى خىجىللىققا مەھكۇم قىلىۋېتىدىغان جاۋاپلار نۇرغۇن. ئەمما بۇ جەھەتتە ئەڭ ياخشىسى «رىسالەئى نۇر»نى ئوقۇسىڭىز، ئۇ خىل مەسىلىلەرمۇ ھەل بولۇش بىلەن بىرگە، ئىمانىڭىزنى كۈچەيتەلەيسىز، ئىسلامنىڭ گۈزەل بولغان سىرتقى قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئېخىمۇ گۈزەل بولغان، ئۇل خاراكتېرلىق ئىچكى قىسمىنىمۇ ئۆگىنىپ بەھرىمان بولالايسىز، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ تەرجىمىلىرىمۇ سىزگە ئاجايىپ زوق بېغىشلايدىغانلىقىنى كۆرۈشكە باشلايسىز ئىنشائاللاھ.

<u>سوئال: «رىسالەئى نۇر»نىڭ تۈركچىسىنى قانداق قىلغاندا تېز چۈشەنگىلى بولىدۇ؟</u>

جاۋاپ: تۈرك تىلى تىلىمىزغا ناھايىتى يېقىن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر تۈرك تىلى ئۆگىنىشكە شارائىتى بولمىغانلار تورلاردا تاپقىلى بولىدىغان «تۈركچە-ئۇيغۇرچە 1000 سۆزلۈك»نى كىتاپنى دائىم ئوقۇش شەرتى ئاستىدا يادلىۋەتسە ۋە ئۇ «سۆزلۈك»نىڭ ئاخىرىدىكى گىراماتىكىغا ئائىت قىسمىغا دىققەتلىك ھالدا ئاندا-ساندا قاراپ قويسا، ئاتايىن تۈركچە ئۆگەنمىگەن تەقدىردىمۇ «رىسالەئى نۇر»نى چۈشىنىپ كىتەلەيدۇ. بۇ شەكىلدە چۈشىنىپ ھەر يەردە بۇ كىتاپتىن ئەتراپىدىكىلەرگە نۇر دەرسلىرى سۆزلەۋاتقانلار نۇرغۇن. ئۇيغۇرچىلىرىنى ئوقۇپ-ئوقۇتىۋاتقانلارمۇ جىق ئىكەن. «فەيياز» قىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ تۈركچىسىگە ئاساس سىلىۋاتقانلارمۇ بار. بىر قانچە كىشىنىڭ بىللە يىغىلىشىپ چۈشىنىشكە تىرىشىشلىرىنىڭ، ھەمدە تەييارلىنىپ چۈشەنگىنىنى باشقىلارغا دەرس قىلىپ سۆزلەشىنىڭمۇ پايدىسى بەك كۆپ. دەسلەپكى باسقۇچتىلا چۈشەنسەم بولاتتى دەپ سەۋرسىزلىك قىلغانلار ئاسان زىرىكىدۇ. شۇڭا ئالدىرىماستىن ئەڭ مۇھىمى كۆپرەك ئوقۇپ تىلنى كۆندۈرۈش ۋە رىسالىدىكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا زىھىننى ماسلاشتۇرۇش لازىم. كىتاپ ئوقۇۋېتىپ، يادلىغان سۆزلەرنى ئەسلەشكە تىرىشقان ئاساستا ئوقۇۋەرسەك 5-6 كىتاپ تۈگىتىپلا كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشكە باشلايمىز. جەمئىيسى 12 كىتاپ. تەپەككۇرنى جىقراق تەلەپ قىلىدۇ. بىراق يەنىلا چوڭ ئالىملارغا، پەيلاسوپلارغا قارىغان تەرەپلىرىمۇ بولغاچقا دەسلەپتە چۈشىنەلمەيدىغان تېمىلار چىقىپ قالسا، قىينالماستىن سەۋرچانلىق بىلەن يۈزلىنىدىغان بولساق، قۇرئاننىڭ ھەم قەلبي، ھەم ئەقلي، ھەم روھي بولغان پەيزلىرىنى ئېلىپ ئىمانىمىزنى ئاسان يول بىلەن تېزلا قۇۋۋەتلەندۈرەلەيمىز، نەپسىمىزنى ئاسان تەربىيەلەيمىز ۋە زامانىمىزنىڭ مەنىۋى پاتقاقچىلىقىدىن ئاسان قۇتۇلالايمىز ئىنشائاللاھ. بۇ كىتاپنى ئوقۇغانلار، چۈشەنگەنلەر بۇ كىتاپنىڭ يۈكسەك قەدرىنى ھەركىمنىڭ تېزرەك بىلىشىنى،

بۇنىڭدىكى ئىمان ھەقىقەتلىرىگە بولغان ئېھتىياجنى باشقىلارغا تونۇتۇشنى، ھەمدە دىنسىزلىككە قارىتا بولغان ئۈستۈن غەلىبىسىنى، شۇنداقلا كىشىگە ئاللاھنى، ئىماننى، قۇرئاننى، پەيغەمبەرنى ۋە ئىبادەتلەرنى سۆيۈش جەھەتتە قانچىلىك چوڭ قىزغىنلىق بېرىدىغانلىقىنى يەتكۈزگۈسى كېلىدۇ. جانابى ئەرھەمەرراھىمىن بۇ تىلەكلەرنى تېزرەك رىئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگەي. ئامىن!

تۈگىدى

بۇ تېمىنىڭ ئاخىرىدا «بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرىنىڭ ‹رىسالەئى نۇر› ناملىق تەفسىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان ‹تەقدىر›گە ئائىت بەزى مۇھىم سوئال-جاۋابلار»نىڭ ئاخىرىدا نەشىر قىلىنغان تۆۋەندىكى تەرجىمە ماقالىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى توغرا تاپتىم.

# ئىسلامدا جىھادنىڭ مەنىسى قانداق؟

جىھاد، مۇجاھەدە يەنى، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ تىرىشماق، ھەمدە دۈشمەن بىلەن سوقۇشماق مەنىسىدە كېلىدۇ.

جىھاد، ئۇرۇش ۋە قىتال(ئۆلتۈرۈش) بىر ـ بىرلىرىگە يېقىندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئارىلىرىدا مۇئەييەن پەرقلەر بار. قىتالدا ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈش ئاساس. ئۇرۇش بولسا بىر ئۈستۈنلۈك، مەنپەئەت ۋە غالىبىيەت تالىشىش سوقۇشىدۇر. جىھاد بولسا، كۆرەش قىلىش، بار كۈچ ۋە قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ تىرىشىش مەنىسىدىدۇر. لېكىن جىھادتا بىر شەرت باردۇركى، ئۇنى باشقىلىرىدىن ئېنىق شەكىلدە ئايرىيدۇ. «فىي سەبىيلىللاھ» يەنى، اللہ يولىدا قۇرئان نامىدىن ۋە ئىسلام ئۈچۈن بولىشى

شەرت. ئۇرۇش ۋە قىتال پەقەتلا بۇ شەرتلەرنىڭ ئورۇنلىنىشى بىلەن جىهاد هېسابلىنىدۇ.

**ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر؟** بۇ سۇئالنىڭ جىهاد بىلەن زىچ ئالاقىسى بار. سۇئالنىڭ جاۋابىنى **«مەن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەتلا ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»** مەنىسىدىكى ئايەتتە كۆرىمىز. ئىنسانلار اللهقا ئىمان ۋە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا بولغان مەرىپەتتە(تونۇشتا) دەرىجە ئارتتۇرۇش ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىپ جەننەتكە ئۆچۈش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەندۇر. هەم ياخشىلىقنى ۋە يامانلىقنى قىلىشقا قابىلىيەتلىك قىلىپ يارىتىلغان ۋە بۇ جەهەتتە چوڭ بىر ئىمتىهانغا تۇتۇلغان ئادەم بالىلىرىنىڭ جەننەت ئەهلى بولۇشلىرى ئۈچۈن لازىم بولغان كۈرەشنىڭ ئىسمى جىهادتۇر.

**«...كۆمۈر كەبى بولغان پەس روهلارنى ئالماس كەبى بولغان ئالى روهلاردىن ئايرىش ئۈچۈن شەيتانلارنى يارىتىش ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن بىر ئىمتىهان، تەجرىبە، جىهاد ۋە مۇسابىقە مەيدانى ئېچىلغاندۇر.»** (مەكتۇبات:44) بۇ ئىپادىلەردىن ئالىدىغان دەرسىمىز شۇ بولسا كېرەك: شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە يېڭىلماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جىهادتۇر. پەيغەمبەر ئەمرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىشمۇ جىهادتۇر.

هەر قانداق تەرەققىياتنەك ئىنساننىڭ تاكامۇللىششىمۇ ئىككى ئاساسقا باغلىق. يەنى مەنپەئەتلەرنى جەلب ۋە زىيانلارنى دەپئى قىلماق. باشقا بىر ئىپادە بىلەن: تەقۋا ۋە سالىه ئەمەل. شەيتانلارغا بويسۇنماسلىق تەقۋا، پەيغەمبەر يولىدا مېڭىش بولسا سالىه ئەمەل. كېرەك بولغاندا الله يولىدا ئۇرۇشۇشمۇ سالىه ئەمەلنىڭ بىر پارچىسى هېسابلىنىدۇ. لېكىن جىهاد بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنداق بولغان بولسا سۇلهى زامانلىرىدا جىهاد قىلماسلىق دېگەن مەنە چىقىپ قالىدۇ.

**جىھادنى توغرا ئىدراك قىلىشىمىزدىكى بىر ئىلاھى ئىرشاد(كۆرسەتمە):**

**«ئەي ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى ئەلەملىك بىر ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەت كۆرسىتەيمۇ؟ اللہ ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتىپ، ماللىرىڭلار ۋە جانلىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىسىلەر.»** (سەف سۈرىسى **10 ـ 11**)

دېمەككى جىھادتا بىرىنچى غايە ئاخىرىتىمىز ئۈچۈن بىر تىجارەت قىلماقتۇر. جىھادنىڭ بەزى كۈلپەت ۋە مۇشەققەتلىرى بولسىمۇ، بۇلار ئىنساننىڭ ئۇ ئەلەملىك ئازابتىن قۇتۇلۇشى يېنىدا بەكمۇ يېنىكتۇر.

يولىمىزنى ئايدىڭلىتىش ئۈچۈن مېلىمىزنى كۆيدۈرۈش، جەھەننەمدە كۆيمەسلىك ئۈچۈن جېنىمىزنى ئاغرىتىش ۋە بىر مىقدار قىينىچىلىق ۋە راھەتسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەككى جىھاد باشقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ جەھەننەمگە ئەۋەتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى جەھەننەمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

كۆيۈشتىن قۇتۇلغان ھەممىتى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى باشقىلارغا ياردەم ئۈچۈن يۈگۈرمەك ئەمەسمۇ؟

جىھاد بۇ جەھەتتە ئىنسان قۇتقۇزۇش كۆرىشىنىڭ ئىسمىدۇر. ئەگەر بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ھەق ۋە ھەقىقەتكە ئېرىشىشىگە باشقا ئىنسانلار توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشمۇ جىھادتۇر.

يۇقۇرىدىكى ئايەت غازات زامانىدا بولغاندەكلا سۈلھى زامانىدىمۇ جارىيدۇر. ھېلىمۇ مۇھتاج كۆڭۈللەرگە ئىمان ۋە ئىسلامنى يېتىشتۈرۈش ئۇرۇشقا ئەمەس، سۈلھىگە باغلىقتۇر.

**«سۈلھى خەيىردۇر»** (نىسا سۈرىسى: **128**) ئەمرىنى ئالغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىنسانلارنى توختىماستىن ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان. بۇ

دەۋەتكە قارشى چىققانلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىلىرىگە ئۇزۇن مۇددەت سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرغان، كېيىنچە ئىلاھىي پەرمان بىلەن ئۇرۇش رۇخستى بېرىلگەن.

ئۇرۇش(غازات) قىلغان مۆئمىنلەرگە ماددى ياردەم تەمىنلىمەك جىھاد بولغىنىدەك، سۇلھى زاماندا بىر قىسىم ماللىرىنى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ئەبەدى سائادتى ئۇچۇن سەرپ قىلىشمۇ چوڭ بىر جىھادتۇر.

ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىش جىھاد بولغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ ئىمان شەرپىنى قازىنىشى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ گۇناھ ۋە ئىسيانلاردىن قۇتۇلىشى ئۇچۇن مەشغۇل بولۇش، بۇ جەھەتتە باش قاتۇرۇش ۋە غەيرەت كۆرسىتىشمۇ جىھادتۇر. ئۆمۇرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ بۇ مۇقەددەس غايە يولىدا سەرپ قىلغانلارمۇ جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

**«اللّٰه ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغانلارنى دەرىجە جەھەتتىن ئولتۇرغانلاردىن ئۇستۇن قىلغاندۇر.»** (نىسا سۇرىسى: **95**)

ھەر خەيرلىك ئىشتەك، جىھادنىڭمۇ بىر قىسىم توسقۇنلۇقلىرى بار. بۇلاردىن بىرىنچىسى نەپسىمىز، ئىككىنچىسى شەيتان، ئۇچىنچىسى سىرتقى دۇشمەنلىرىمىزدۇر.

نەپسىنىڭ پەس ئارزۇلىرىغا قارشى چىقماق جىھادتۇر. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا يېڭىلماستىن ئىستىقامەت دائىرىسىدە مېڭىش جىھادتۇر. ئىمان ۋە ھىدايەت يولىنى يېپىشقا تىرىشقان سىرتقى دۇشمەنلەر بىلەن سوقۇشۇشمۇ جىھادتۇر. ئۇچىلىسىدە نىيەت «اللّٰه رىزاسى» بولىشى لازىم.

بىر كۇنى پۇتۇن كۇنلەرنى ئارقىمىزغا قويۇپ قويۇپ چېكى يوق ئەتىگە بارىمىز، مەھشەرگاھ مەيدانىدا ئۆزىمىزنى ئىككى يولنىڭ ئاچىلىدا كۆرىمىز. بىرى سائادەت

دىيارىغا، يەنە بىرى ئازاب مەملىكىتىگە بارىدىغان ئىككى يول. دېمەك جىھاد بۇ ئىلتىپات دىيارىغا ئېرىشىش ۋە قەھر ماكانىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ ئىسمىدۇر.

**يۇقۇرىدىكى يۈكسەك غايە بولماستىن پەقەتلا مەملىكەتلەر ئىشغال قىلىش، ئىنسانلارغا ھۆكۈمران بولۇش ۋە بۇ دۇنيادا راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشىشتەك پانىي نىشانلارغا يۈزلەنگەن ئۇرۇشلار «فىي سەبىلىللاھ» شەرتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جىھاد ئەمەستۇر.**

ئۇرۇشتا مەقسەد نېمە بولىشى لازىم؟ بۇ سۇئالنىڭ جاۋابىنى ئىككى ماددىدا يىغىنچاقلىساق بولىدۇ. «بىزگە ھۇجۇم قىلغان ياكى ھۇجۇمغا تەييارلانغان دۈشمەنگە قارشى ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلماق» ۋە «زالىم دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىنسانىيەتكە ئەركىنلىك ۋە ھىدايەت يولىنى ئاچماق.»

**«دىندا مەجبۇرلاش يوقتۇر»** (بەقەرە سۈرىسى: **256**). لېكىن جەننەت يولىنى مەجبۇرەن يېپىشنى خالىغانلار بىلەن ئۇرۇشۇش لازىمدۇر. بۇنىڭدا مەغلۇپ قىلىنسا، كىشى ئىمانغا كىرىش بويىچە ئەركىن قويىلىدۇ. خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ، خالىسا ئۆز دىنى بويىچە ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىنچى يولنى تاللىسا جىزيە بىرىدۇ. بۇ جىزيە(باج) ئۇرۇشلارغا قېتىلماسلىقنىڭ ۋە ئىسلام مەملىكىتىدە ھەر تۈرلۈك جان ۋە مال ئامانلىقى ئىچىدە ياشىشىنىڭ بەدىلىدۇر.

**جىھادتا مەقسەد ئۆلتۈرۈش ئەمەس، تىرىلدۈرۈش بولىشى لازىم. ئۆلۈك قەلبلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئۈچۈك پىكىرلەرنى ئايدىڭلىتىش، جانسىز ھېسسىياتلارغا جان بېرىش، ئىنسانلارنى يۈرتلىرىدىن ھەيدىۋېتىش ئەمەس، ئۇلارغا ئەبەدىيلىك يۇرتنى قازاندۇرۇش بولىشى لازىم.**

بۇ تىرىلىش ھەرىكىتىگە قارشى چىققانلار ئۆلۈمگە لايىق بولىدۇ. كۆپلەرنىڭ ھايات

تېپىشى ئۇچۇن مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆلىشى توغرا كەلسىمۇ، بۇنىڭغا «ماقۇل» دېيىشىمىز لازىم. بولمىسا كۆپ ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلغان بولىمىز. ئۇرۇشقا بىر ئىبادەت چۇشەنچىسى بىلەن قارىماق ۋە بۇ ئىبادەتنىڭ قائىدىلىرىگىمۇ ئەڭ ئىنچىكە مەسىلىلىرىگە قەدەر ئىتائەت قىلىش لازىم. **«ئەھدە تۈزۈشكەن ۋاقىتىڭلاردا اللهنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار.»** (نەھل سۈرىسى:**91**) ئەمرىگە بويسۇنۇش لازىم. **«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلار بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، (الله قويغان) چەكتىن ئاشماڭلار، چۈنكى الله چەكتىن ئاشقانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى:**190**) پەرمانىغا قۇلاق بېرىلىشى، ھېس ۋە ھەۋەسكە يېڭىلماستىن ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئاياللار، كىچىك باللار ۋە قېرىلاردەك ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلمىغانلارغا چېقىلماسلىق لازىم. بۇ خىل ئىنچىكە دەستۇرلارغا ئەينەن ئىتائەت قىلىنىشى كېرەك، ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغانلار جاۋابكار بولىدۇ، خۇددى باشقا ئىبادەتتىكىدەكلا.

شۇنداق، **«بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقىسى جاۋابكار بولمايدۇ.»**(ئەنئام سۈرىسى:**164**) سىرى بويىچە، مەسىلەن: بىر ئۆيدە ياكى كېمىدە ھەتتا ئون قاراقچى ۋە بىر مەسۇم (گۇناھسىز) ئادەم بولسا، ھەقىقي ئادالەت بىلەن، ئامانلىق ۋە تىنچلىق نۇقتىسىدىكى ئاساسى دەستۇر بويىچە ئۇ مەسۇمنىڭ ھالاكەت كۆرمەسلىكى ئۇچۇن، ئۇ ئۆي ۋە ئۇ كېمىگە چېقىلماسلىق لازىم، تاكى ئۇ مەسۇم قۇتقۇزىۋېلىنغانغا قەدەر. (ئەمىرداغ لاھىقەسى:**172**)

**جىھادنىڭ ئەڭ چوڭى، ئەڭ چوڭ دۈشمەنگە قارشى قىلىنىدىغىنىدۇر. «سېنىڭ ئەڭ زىيانلىق دۈشمىنىڭ نەپسىڭدۇر»** دېگەن ھەدىس شەرىف ئۇ چوڭ دۈشمەننى **«نەپس»** دەپ كۆرسىتىدۇ. تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان **«كىچىك جىھادتىن چوڭ**

**جىھادقا قايتتۇق.» دېگەن** شۇ ھېكمەت بىز ئۇچۇن نەقەدەر چوڭ دەرستۇر ـ ھە!

سەييىد شەرىف جۇرجانىي، كىشىنىڭ كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن قىلغان مەنىۋى جىھادنى چوڭ جىھاد دەپ، سىرتقا قارشى قىلىنغان تەبلىغ ۋە غازاتنى بولسا كىچىك جىھاد دېگەندۇر. ئىنسانلارغا ھەق ۋە ھەقىقەتنى تەبلىغ قىلىشنىڭمۇ «كىچىك جىھاد» ھېسابلىنىشى ھەيران قالارلىقتۇر. دېمەككى غازاتقا چىقىشقا ئوخشاش، تەبلىغ قىلىش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن نەپسىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى كېرەكتۇر.

نەپسى بىلەن بولغان جىھاد ھەقىقەتەن چوڭ جىھادتۇر. پۈتۈن ۋاقتىمىز بۇ جىھاد بىلەن ئۆتىدۇ. ئازغىنا غەپلىتىمىز چوڭ بىر ئۇتتۇرۇشنى نەتىجىلەندۈرۈپ قويىشى مۇمكىن. ماددى جىھاد بولسا دائىمى ئەمەستۇر. سۇلھى زامانلىرىدا مۆئمىنلەر بۇ جىھاد بىلەن ۋەزىپىدار ئەمەستۇر.

**سىرتقى دۈشمەنگە مەغلۇپ بولۇش ئىنسانغا يا شېھىتلىك يا غازىلىق قازاندۇرىدۇ. نەپسى بىلەن بولغان جىھادتا بولسا ئۇنداق ئەمەس. بۇ جىھادتا يارىلانغانلار پاسىق، ئۆلگەنلەر دىنسىز بولىدۇ.**

نەپىس دېيىلگىنىدە ئەقىلگە دەرھال شەيتان كېلىدۇ، ئەسكەر دېيىلگىنىدە قوماندان ئەسلەنگىنىدەك. **«شەيتان سىلەر ئۈچۈن بىر دۈشمەندۇر، سىلەرمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار.»** (فاتىر سۈرىسى:6) **«شەيتاننىڭ يولىغا كىرمەڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەر ئۈچۈن ئاشكارە دۈشمەندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى:**168**)

شەيتان ئىنساننىڭ ياقىسىنى جەڭ مەيدانىدىمۇ قويۇپ بەرمەيدۇ. ئىنسان جىھادقا چىقىدۇ، جېنىنى بېرىشنى كۆزگە ئالىدۇ، چوڭ بىر شەرەپكە ئېرىشىپ اللەنىڭ رازىلىقىنى قازىنىشنى ئويلايدۇ. ئەمما شەيتان بۇ مۇجاھىدنىڭ ئالدىغا مال ۋە بايلىقنى، نام ۋە شۆھرەتنى قويىدۇ، بۇلار ئۈچۈن ئۇرۇشۇشقا چاقىرىدۇ.

شەيتاننىڭ بۇ گېپىگە كىرگەن ئىنسان غالىپ بولسىمۇ بىر نەرسە قازانغان بولمايدۇ. مەنە ئالىمدە ھەممە نەرسىسىنى ئۇتتۇرغان، پەقەتلا بىر ئۆتكۈنچى شۆھرەت ۋە پانى بىر غەنىمەت بىلەن قايتقان ھېسابلىنىدۇ. كېيىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. قازانغان ماللىرىدەكلا، ئالقىشلىرى ئۇچۇن جېنىنى ئاتقان ئىنسانلارمۇ ئارقىلىرىدا قالغان بولىدۇ، ھېسابىنى ئۆزى يالغۇز بېرىدۇ.

**ئەمدى بىر ئاز ئەسىرنىڭ چوڭ بىر جىھاد رەھبىرىدىن سۆز قىلايلى: ئۇستاد بەدىئۇززاماندىن.**

ئۇنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىنلاشقان جىھاد ھەرىكىتىنى بىر قانچە پاراگرافقا سىغدۇرۇش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەستۇر، ئەمما قۇياشقا چىقالمىساقمۇ ئۇنى بارماقلىرىمىز بىلەن كۆرسەتمەيلىمۇ؟ تۆۋەندە يېزىلىدىغان بىر قانچە جۈملىنى بىر ئىشارەت قاتارىدا قوبۇل قىلىڭ.

ئۇستاد بەدىئۇززاماننىڭ جىھادىنىڭ ھەر تۇرىدە مۇۋەپپىقىيەت قازانغان نەمۇنە ۋە رەھبەر بىر شەخسىيەتتۇر. دۇنيا ئۇرىشىدا پىدائى قىسىملار قوماندانى بولۇپ غازات قىلغان، غازاتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھەقسىزلىققا قارشى ھېچبىر زامان سۈكۈت قىلمىغان. پادىشاھتىن دۆلەت رەھبەرلىرىگىچە، تەپتىشلەردىن سوتچىلارغىچە ھەركىمگە توغرىنى، ياخشىلىقنى ۋە ھەقنى پەرۋاسىزچە چۈشەندۈرگەن.

**«الله بىزگە يېتەر، ئۇ نەقەدەر گۈزەل ۋەكىلدۇر(ھامىيدۇر)»** ھەقىقىتىنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋە جىھاد دەستۇرى قىلغاندۇر. بۈيۈك بىر مۇرشىد(ئىرشاد قىلغۇچى) ۋە مىسلىسىز بىر دەۋا ئىنسانى بولۇپ ياشىغان ۋە بۇ پانىي دۇنيادىن شۇ خىل روھ بىلەن كۆچۈپ راھماننىڭ رەھمىتىگە كەتكەن.

**ئۇنىڭ جىھاد ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەۋرى شۈبھىسىزكى «يېڭى سائىد» دەپ ئىسمىلاندۇرغان زاماندۇر.** غەرپلىشىش ھەرىكىتى نۇرغۇنلىغان مەنىۋى قەدىر-

قىممەتلەرنىڭ يىقىلىشى بەدىلىگە، بارلىق سۈرئىتى بىلەن يامراپ ئىلگىرلەۋاتقاندا ۋە بۇزغۇنچىلىق كومپىتتلىرى ياشلىرىمىزنى دىنسىز ۋە ئەخلاقسىز قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن تىرىشىۋاتقاندا، ئۇستاد بۇ ئەھۋاللارنى شۇ جۈملە بىلەن ئىپادىلىمەكتە ئىدى:

**«قارشىمدا دەھشەتلىك بىر يانغىن(ئوت ئاپىتى) بار، ئىچىدە پەرزەنتلىرىم كۆيمەكتە، ئىمانىممۇ تۇتىشىپ كۆيمەكتە.»**

قىلغان خىزمىتىنىڭ ئاساسىمۇ بۇ ئىككى جۈملىنىڭ داۋامىدا ئىدى: **«ئۇ يانغىننى ئۆچۈرۈشكە، ئىمانىمنى قۇتقۇزۇشقا يۈگۈرۈۋاتىمەن.»**

ياشلىقنى كۆيدۈرۈۋاتقان بۇ ئاتەش بۈيۈك ئۇستادىنىڭمۇ ئىچىنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى.

كۆيگەن ئوت ئالدۇ، كۆيدۈرىدۇ ۋە ئايدىڭلىتىدۇ، خۇددى قۇياش كەبى. دەرۋەقە شۇنداق بولدى. پۈتۈن مەنپىلىكلەرنى كۆيدۈرگەن ئۇ قۇياش، ئىمانغا مۇھتاج كۆڭۈللەرنى بولسا ئايدىڭلاتتى، نۇرغا ۋە سۆيۈنچلەرگە غەرق قىلدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ(س.ئە.ۋ)، **«ئۇلار ئىمان ئېيتمايۋاتىدۇ دەپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بولدۇڭ»** (شۇئەرا سۈرىسى:3) ئايىتى بىلەن خەۋەر بېرىلگەن ئۇ تەڭداشسىز شەپقىتىنىڭ ئۇستاد بەدىئۈززامان ئەقلىگە سىغماس بىر شەكىلدە بىر ئەينىكى بولغان ئىدى.

**«سەن كاپىرلارغا بويسۇنما، ئۇلارغا قارشى قۇرئان ئارقىلىق چوڭ بىر جىھاد بىلەن جىھاد قىل.»** (فۇرقان سۈرىسى:52) ئايىتىدىن ئالغان دەرس بىلەن ماتېرىيالىزىم، ئاتىزىم ۋە كەيىپ ـ ساپادىن چىققان بارلىق مەنپى جەريانلارنى مەغلۇپ قىلىدىغان قۇرئان تەپسىرى يازدى، نەتىجىدە ئىمان خىزمىتىنى ئىلمىگە بىنا قىلغان بولغان ئىدى.

ئالماس قىلىچ... بۇ قىلىچتا مەجبۇرلاش يوقتۇر، بۇ قىلىچ باشنى كەسمەيدۇ،

خاتا پىكىرلەرنى كېسىدۇ. بۇ قىلىچ يۈرەككە تىقىلمايدۇ، باتىل ئېتىقادلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇ قىلىچ بىلەن بىر خىل ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ، لېكىن بۇ ئوپېراتسىيەنىڭ بەدەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتۇر. روھقا تەسىر قىلىدۇ، قەلبكە كىرىدۇ، ئەقىلگە سىڭىدۇ ۋە ھېس ئالەملىرىنى قورشايدۇ. كېسەلنى ئاغرىتماستىن قىلىدىغىنى قىلىدۇ. بۇ جىھادنىڭ ئىسمىمۇ يەنە ئۆز ئىپادىسى بىلەن **«مەنىۋى جىھاد»**تۇر.

«ھەم ئىچكى قىسىمدىكى مەنىۋى جىھاد، مەنىۋى بۇزغۇنچىلىققا قارشى تىرىشچانلىقى، ماددى ئەمەس. مەنىۋى خىزمەتلەر قىلىنىشى لازىم. شۇڭلاشقا ئەھلى سىياسەتكە ئارىلاشمىغىنىمىزدەك، ئەھلى سىياسەتمۇ بىز بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ھېچبىر ھەقلىرى يوق.» (ئەمىرداغ لاھىقەسى:**245**)

سىياسەتتىن ۋە سىياسىيلەردىن كۈتكەن بىردىن بىر نەرسە ئۇنىڭغا ئارىلاشماسلىقىدۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ دۇنيالىرى ئۈچۈن تىرىشىپ مېڭىۋەرسۇن، ئۇستاد پۈتۈن بىر خەلقنىڭ ئىمانىنى قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى ئاتىغان، بۇ بۈيۈك جىھاد ئۈچۈن پەقەت ۋە پەقەت رەببىگە تايانغان، خەير ۋە ياخشىلىقنى پەقەت ئۇنىڭدىن بىلگەن، پەقەت ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلغاندۇر.

ئۇستاد، ئالماس قىلىچ ئارقىلىق قىلغان بۇ مەنىۋى جىھادىدا مۇۋەپپەق بولغاندۇر. قانداق قىلىپ دەمسىز؟ تەبىئەتچىلەرگە قارشى **«تەبىئەت رىسالىسى»**نى قەلەمگە ئالدى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان ئازغۇنلارغا قارشى **«ھەشر رىسالىسى»**نى قەلەمگە ئالدى ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىقىنى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن ھەيران قالارلىق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىسلام قېرىنداشلىقىنى چۈشەندۈرگەن **«قېرىنداشلىق رىسالىسى»** ئارقىلىق دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەت ۋە تۆھمەتتەك قېرىنداشلىقنى بۇزغان

پۈتۈن دۈشمەنلىكلەرگە قارشى بىر مەنىۋى جىھاد قىلدى.

**«يىگىرمە ئۈچىنچى سۆز» ئارقىلىق ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئالاھىدىلىكلەرنى بەكمۇ گۈزەل ئىپادىلەپ** ئىنسانىيەتنىڭ قانداق شەكىلدە ئالايى ئىللىيىنگە (ئەڭ يۈكسەك دەرىجىلەرگە) ۋە قانداق بولغاندا ئەسفەلى سافىلىينگە (تۆۋەنلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىگە) چۈشىدىغانلىقىنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن كۆزلەرنىڭ ئالدىدا گەۋدىلەندۈردى. ھەمدە ئىنساننى ھايۋاندىنمۇ پەستلەرگە چۈشۈرۈشنى خالىغان پۈتۈن بۇزغۇنچىلىق كومىتېتلىرىغا قارشى چوڭ بىر جىھاد قىلغان بولدى.

**مىللەتچىلىك** بىلەن ئالاقىدار بىر رىسالە يېزىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنىنى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن پەرىشان قىلدى.

يۈز ئوتتۇز پارچە رىسالىنىڭ ھەر بىرىدىن بۇ يەردە سۆز قىلىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەستۇر. لېكىن بۇ بىر قانچە مىساللار بىلەنمۇ ئېنىق كۆرۈنگىنىدەك، بەدىئۈززامانىنىڭ جىھادى مەنىۋى جىھادتۇر، بىر پىكىر ھەرىكىتى، بىر ئىمان ۋە ئەخلاق كۈرىشى ۋە بىر قېرىنداشلىق مەشئەلىدۇر.

**ئەگەر ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇتۇلۇشقا ئېرىشىشىنى خالىساق، بۇنىڭ يولى تەبلىغ ئارقىلىق بولىدۇ، ئىلىم ئارقىلىق بولىدۇ، ئىسلامنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياشاپ كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ، سىياسەت ۋە ئۇرۇش ـ جېدەللەر بىلەن ئەمەس.**

www.sorularlarisale.com www.sorularlaislamiyet.com

www.feyyaz.com